ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى پەند ـ نەسھەت، ھېكايە، ـ
پەلسەپۋى قائىدىلەر

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى

(2)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى پەند ـ نەسىھەت، ھېكايە، پەلسەپۋى

قائىدىلەر

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى

## 2


تۈزگۈچىلەر: شۇ باۋپىڭ

يۈۋ يىشىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت مەمەت

ئەنۋەر ئوبۇل

قەلبىنۇر ھەسەن



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

影响中小学生成长的99个故事.2：维吾尔文/徐宝平主编；阿布来提·买买提，艾尼瓦尔·乌布利，凯比努尔·艾山译.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.6

ISBN 978-7-5373-1835-8

Ⅰ.①影… Ⅱ.①徐…②阿…③艾…④凯… Ⅲ.①故事—作品集—世界—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I14

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第110919号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾克木

责任校对：古丽巴哈尔·麦麦提依明

影响中小学生成长的99个故事(2)

阿布来提·买买提

译者：艾尼瓦尔·乌布利

凯比努尔·艾山

喀什维吾尔文出版社出版发行

（喀什市塔吾古孜路14号　邮编：844000）

各地新华书店经销

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 1/32开本 6印张

2010年6月第1版　2010年6月第1次印刷

印数：1——3000　总定价：35.00元（三册）

如有质量问题，请与我联系调换　电话：0998_2290930

# كىرىش سۆز

بىز ئەزەلدىن بالىلارنى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشىتىپ، بۇ قەغەزگە ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ كەلگەندۇق. لېكىن، رەسىملەرنى زادى كىم سىزىدۇ؟ بالىلارنى بىر پارچە ئاق قەغەز دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، مەيلى ئائىلە باشلىقلىرى، مۇئەللىم ۋە باشقىلار بولسۇن، ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ قەغەزگە رەسىم سىزالايدۇ. بۇنى بالىلارغا ياردەملىشىش، بىرنېمە ئۆگىتىش دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق ۋاقىتلاردا بالا پەقەت تەربىيەلەنگۈچىلا بولىدۇ، خالاس.

ئەمما، بالىلار ئەقىل بۇلىقى تېخى ئېچىلمىغان مۇستەقىل تىرىك جان. بالىلارنى تەربىيەلەشتە بالىلارنىڭ مېڭىسىگە نېمىنىدۇر سىڭدۈرۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىلا بار بولغان ئەقىل-پاراستىنى ئېچىش ۋە نۇرلاندۇرۇش كېرەك. ئەقىل-پاراستى ئېچىلغان ۋە نۇرلانغان بالىلار دۇنيا توغرىسىدا ئىزدەنگەن ۋاقىتتا، مۇئەللىم، ئائىلە باشلىقى ۋە باشقا كىشىلەر بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىدىكى ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. تەربىيەلىگۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە بىلىشىگە ياردەم بېرىش، شۇڭلاشقا تەربىيەلىگۈچى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بەرگۈچى بولۇشى كېرەك.

تەربىيەنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئۆزئارا چۈشىنىشتە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق مائارىپچىسى تاۋ شىڭجى ئەپەندى: «ھەقىقىي تەربىيە ئوي-پىكىرنىڭ بىر يەردىن چىقىشى بولۇپ، قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان تەربىيەلا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدۇ» دەپ ئېيتقان. دېمەك، تەربىيە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك.

باللار ئەركىن پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. باللارنى تەربىيەلەشتە ئالدى بىلەن بۇ خىل ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش، باللارنى ئۆزلىرى خالاپ ئۆگىنىدىغان قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، باللار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان، بىلىم ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغان بولىدۇ.

ئەمما، قايسى ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھېكايە دەرسخانىسىدىن ئىبارەت.

ھېكايە — ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەربىيەلەش ۋاسىتىسى بولۇپ، ھېكايىدىكى يوشۇرۇن، ئۈنۈملۈك تەربىيە دەرسخانىدىكى سىڭدۈرمە تەربىيەدىن ئۈنۈملۈك. ئەگەر ھېكايىدىن ئىبارەت بۇ دەرسخانىدىن ياخشى پايدىلىنىلسا، باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شادخۇراملىققا تولىدۇ، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا، كۆپىنچە كىچىككىنە بىر ئىش ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئوخشاشلا ئىنسانىي خىسلەت بىلەن يۇغۇرۇلغان كىشىلىك تۇرمۇشقا دائىر پەلسەپىۋى ھېكايىلارمۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

ھېكايە ۋەقەلىكى ئىچىدە تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئۆزىنى تونۇشىغا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى قەدىر-قىممىتىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالىلار جەمئىيەتتىكى ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنى كۆرۈپ يېتەلمىگەندە، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. بالىلارنى ھېكايە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش، بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە قىلىشتىكى مەقسەت بالىلارنىڭ رېئال دۇنيادىن ئىبارەت بۇ سىرلىق كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلىشى ئۈچۈندۇر.

بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ ئۈزلۈكسىز توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، بالىلارنىڭ ھېكايىدىكى تەلەپلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. بالىلار ھېكايە ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا بارا-بارا تېخىمۇ ئېنىق نىشانغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارغا ھېكايىدىن بەھرىلىنىش شەكلى ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىتىپ، بالىلارنىڭ توغرا ھەرىكەت نىشانى، توغرا قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، قولىڭىزدىكى «ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى» ناملىق بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇق. بالىلارنىڭ ھېكايە دېڭىزىدا قانغۇچە سەيلە قىلىشىنى، ھېكايە ئاسمىنىدا بەھۇزۇر پەرۋاز قىلىشىنى، ھېكايە دەرسخانىسىدا بىلىم ئېلىشىنى، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھېكايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەقىل- پارا-

ستىنگىزمۇ ئۆزگىرىپ باردۇ؛ ئەقىل- پاراستىنگىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قارىشىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ باردۇ؛ قارىشىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئادىتىڭىزمۇ ئۆز- گىرىپ باردۇ؛ ئادىتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خاراكتېرىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ باردۇ؛ خاراكتېرىڭىزنىڭ ئۆز- گىرىشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ باردۇ. ھېكايە كىشىلىك ھاياتنىڭ باشلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمى- سىمۇ، ئاخىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە نەشر قىلىنىشىغا قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ لىدىرى ئىبراھىم سەمەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولدى، قەشقەر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئابلەت جۇمە تۇپراق ھەمكارلاشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن

2006- يىل يانۋار

# مۇندەرىجە

## مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن تەسىرلىنىش


شىپالىق دورا ........................ 2
دوستلۇق ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىش ........ 8
دارمىن بىلەن پىششۋىرىس .................. 14
بوراندىكى ياپراق ........................ 22
كىچىككىنە قۇياش نۇرى ................... 26
مۆجىزىنى سېتىۋېلىش ...................... 32
ئەڭ تەملىك چۆپ ......................... 37
ئانا سېتىۋالغان مېۋە ...................... 41
شۇنداق مۇھەببەت بار ..................... 47
ئوغۇل بالىنىڭ ئارزۇسى .................... 52
ھۆپۈپ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ................... 58
بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى سېتىۋالاي ............... 63


## مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش


روھىي ھالەت ............................ 68
شاپتۇل دەرىخى ......................... 73
ئېرىشىش ۋە مەھرۇم بولۇش .................. 78
خاقان بىلەن قارچىغا ...................... 83
مەشئەلدىن كەلگەن ئىلھام ................... 90

بارلىقىڭىزنى قەدىرلەڭ ........ 94
ئالماس تاپىنىڭ ئاستىدا ........ 100
باتۇر قۇش تۇخۇمى ........ 105
بىر تال مىخ ........ 110
ئەيمى پۇل تاپالمىدى ........ 114
ئوت ۋە ئوتۇن ........ 120
ۋۇ لىجىنىڭ كەكلىك تۇتۇشى ........ 124
تەجرىبىلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەڭ ........ 129
ۋاقىت ئاللىقاچان بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قاپتۇ ........ 133

## ئۈمىد نۇرىنى چاقنىتىش

ئارزۇ ........ 139
سۇغا چۈشۈپ كەتكۈچى ........ 142
ئەڭ مۇھىمى كەيپىيات ........ 145
ئىشنى نىشان بەلگىلەشتىن باشلاش ........ 149
ئۆزىنى قەدىرلەش ........ 154
پەقەتلا قەھۋە ........ 159
ئىشەنچ مۆجىزە يارىتىدۇ ........ 164
قۇلۇلىنىڭ «ساياھىتى» ........ 168
ئىشەنچىنىڭ قۇدرىتى ........ 172
بىر تال تېرەك يوپۇرمىقى ........ 177

# مۇھەببەتنىڭ ھەققىي مەنىسىدىن تەسىرلىنىش

# شىيالوح دورا

دېنو ئىسىملىك 10 ياشلىق بىر ئۆسمۈر قان بېرىلىش سەۋەبىدىن بەختكە قارشى ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دوستلىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. پەقەت ئۇنىڭدىن تۆت ياش چوڭ ئەيدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئەيدى ژۇرنالدىن بىر خەۋەرنى كۆرۈپ قاپتۇ، خەۋەردە دېيىلىشىچە: يېڭى ئورلېئاندىكى فېر دوختۇر ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالىيالايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى تاپقانىكەن. بۇ خەۋەر ئەيدىنى بەك خۇشال قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئايدىڭ كېچىسى، ئۇ دېنونى ئېلىپ تۇيدۇرماي يېڭى ئورلېئانغا راۋان بوپتۇ.

پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ئۇلار كېچىسى ئۆزلىرى ئېلىۋالغان چېدىر ئىچىدە ئۇخلاپتۇ، دېنونىڭ يۆتىلى ئەدەپ، ئۆيىدىن ئېلىۋالغان دورىلارمۇ تۈگەي دەپ قاپتۇ. بۇ كۈنى كەچتە دېنو توڭلاپ تىترىگىنىچە، زەئىپ ئاۋازدا ئەيدىگە چۈشىدە 20 مىليارد يىل بۇرۇنقى ئالەمنى كۆرگەنلىكىنى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇ يالغۇز ئۇ يەردە تۇرۇپ، قايتىپ كېلىدىغان يولنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەيدى

ئايغىنى سىلىپ دېنونىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇندىن كېيىن ئۇخلىغاندا، ئايغىمنى قۇچاقلىۋالغىن، پەقەت ئەيدىنىڭ پۇراپ تۇرغان ئايىغى قولۇمدا بولغانىكەن، ئەيدى چوقۇم يېنىمدا دەپ ئويلىغىن، — دەپتۇ.

بالىلار ئېلىۋالغان پۇل تۆگەي دەپ قالغان بولسىمۇ، يېڭى ئورلېئانغا بارىدىغان يول تېخى يىراق ئىكەن. دېنونىڭ تېنىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ئەيدى پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، دېنونى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىق دوختۇرخانىغا كېلىپ دېنونى يوقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار بەزىدە يالغان ئۆلۈۋېلىپ، دوختۇر، سېستىرالارنى قورقۇتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرى چۈشتىن كېيىن قۇياش نۇرى دېنونىڭ ئورۇق، ئاپپاق يۈزلىرىگە چۈشۈپتۇ، ئەيدى ئۇنىڭدىن يالغان ئۆلۈۋېلىش ئويۇننى ئوينىغۇسى بار-يوقلۇقىنى سوراپتۇ، دېنو بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. بۇ قېتىم دوختۇر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تەكشۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇ توساتتىن كۆزىنى ئېچىپ كۈلەمەپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەن جان ئۈزگەنىكەن.

ئۇ كۈنى ئەيدى دېنونىڭ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئىككىيلەن يول بويى ھېچقانداق سۆز قىلىشماپتۇ، ئايرىلىدىغان چاغدىلا ئەيدى ئاندىن ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن بەكمۇ ئازابلاندىم، دېنو ئۈچۈن شىپالىق دورا

تېپىپ بېرەلمىدىم، ـــ دەپتۇ.

دېنونىڭ ئانىسى كۆز ياشلىرىنى توختىتالماستىن:

ـــ ياق ئەيدى، سەن تاپتىڭ،ـــ دەپتۇ ئەيدىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ،ـــ سەن ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېغىشلىدىڭ، دوستلۇق مېھرىگىنى بەردىڭ، بىر پاي ئايىغىنى بەردىڭ، ئۇ ئىزچىل سەندەك دوستىنىڭ بولغانلىقىدىن قانائەت ھېس قىلاتتى.

【تەسرات】

## دوستلۇقنى قەدىرلەڭ

نام- مەنپەئەت، پۇل ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن- كۈنگە يىراقـلىشىپ، تۇرمۇشمۇ مەززىسىز بىلىنىدىغان بولدى. ئۇنداقتا قايسى ئامىلنىڭ بىزنى بۇنداق باياشات، ئەمما مەنىسىز تۇرمۇشقا يېتەكلەۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ دوستلۇقنىڭ يېتەرسىزلىكى بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

ئادەملەر مۇناسىۋىتىدە، تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر سان- ساناقسىز چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ھەممىمىز ئانىدىن تۇغما ھالەتتە دۇنياغا كېلىـمىز، قىز - ئوغۇللۇق پەرقى پەقەت ئاشۇ بىر جايدىلا بولىدۇ؛ ئەمما، ئىككى ياش ئەتراپىدا شەخسلىك

قارىشىمىز بارا- بارا يېتىلىشكە باشلايدۇ، باشقا بالىلارغا
ئىشەنمەسلىك خاھىشى تۇغۇلىدۇ، باشقىلارنىڭ قول-
دىكى ئالمىنى ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋالغۇمىز كېلىدۇ، بەزىدە
ھەتتا ناتونۇش بالىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىمىز؛ كۆپ
ئۆتمەيلا بىز بىر ناخشىنى، يەنى «ئاداش، ئاداش
بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى» دېگەن ناخشىنى
ئۆگىنىمىز. بۇ خىل ئۆزئارا ئىناقلاشتۇرىدىغان ئىجتىمائىي
مەدەنىيەت قەلبىمىزگە سىڭىپ كىرىپ، بالىلار بىلەن
ئىناقلىقنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىزنىڭ
ياخشى- يامانىنى پەرق ئېتىش خۇسۇسىيىتىمىز بىلەن
قوشنىمىزنىڭ بالىلىرى، بىزنى ماختىغان، كەمپۈت
بەرگەن ھەمدە بىزدىن قابىلىيەتلىك كىچىك دوستلار
بىلەن قويۇق ئارىلىشىمىز؛ 6 — 7 ياشقا كىرگەندە،
تۇنجى قېتىم باشقىلارنى ئائىلىسىگە ئاساسەن كۆرۈنەر-
لىك پەرقلەندۈرىمىز، جىنايەتچى، ئاتا- ئانىسىنىڭ
مۇناسىۋىتى نورمال بولمىغان، كەمبەغەلنىڭ بالىلىرى
كەمسىتىلىشكە ئۇچرايدۇ، فىزىيولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكى
بار، بەدىنى ئاجىز، ئەقلىي ئىقتىدارى ناچار ئوقۇغۇچىلار
كوللېكتىپ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؛ بالاغەتكە
يېتىش مەزگىلىگە بارغاندا، قىز- ئوغۇللارنىڭ جىنس
پەرقى زورىيىدۇ. 12 يىللىق كەچۈرمىش، خىياللىرىمىز ۋە
ئىرسىيەتلىك ئۇچۇرلار بەدىنىمىزدە بارغانسېرى يىلتىز
تارتىپ بىخ سۈرىدۇ، يات جىنسلىقلاردىن دوست
تۇتالمايمىز، بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش؛ 14
ياش ئەتراپىدا، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى دوست تۇتۇش

رامكىسى ئۇچۇق شەكىللىنىدۇ، ئورتاق ئارزۇ ۋە ھەۋەس ئىگىلىرى بىر يولدا ماڭىدۇ؛ 16 ياشتا ئاتا- ئانىمىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىمىز؛ 18 ياشتا جەمئىيەت ۋە تارىختا مەسىلە بار دەپ قارايمىز؛ 20 ياشتا ئۆزىمىزنى چوڭ بولدۇم، ئۆزۈمگە تۇشلۇق مۇستەقىل كىچىك دۇنيارىم بار دەپ قارايمىز، شۇنىڭغىچە كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىق ئارا تام پەيدا بولىدۇ، ھەتتا ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز قېيىدىشىپمۇ قالىمىز، ئادەم دېگىنىدا ئۆزىمىزنى بەكمۇ غېرىبانە، يالغۇز ھېس قىلىمىز. بىز ئىككى خىل نەرسە ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى قەلب يارىسىغا تەسەللى بېرىشكە موھتاج: بىر خىلى مۇھەببەت؛ يەنە بىر خىلى بولسا دوستلۇق.

بۇرۇن بىز بىر مەزگىل يېقىن دوستۇم دەپ قارىغان نۇرغۇن كىشىلەر يىللارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلـ-مەي، بالدۇرلا بىزدىن يىراقلىشىدۇ. قېپقالغانلىرىنىڭ ئىچىدە، بەزىلەر بەلكىم بىز بىلەن ھاياتلىق مۇساپىسىنى تەڭ مېڭىپ تۈگىتەلىشى، يەنە بەزىلىرى يەنىلا ئاستا- ئاستا بىزدىن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. بىز ئەلۋەتتە ئاشۇ يىللاردىكى دوستلۇقنى قەدىرلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئەينى چاغلاردا پىنھان ئازابلىرىمىزنى ۋە چىگىش- مۇرەككەپ بولغان ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرىمىزنى ئاتا- ئانىمىزغا ئېيتمىغىنىمىز بىلەن، بىرنى قالدۇرماي دوستىمىزغا ئېيتىپ بەرگەنىدۇق؛ بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ۋاقتىمىزدا قېرىنداشلارچە مېھىر- مۇھەببەت بىلەن ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلاتتۇق.

تەجرىبىمىزگە ئاساسەن ئېيتقاندا، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى دوستلۇق ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا قېرىنداشلىق مېھرىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ كەسپتە ئۆزئارا تايانچ بولۇشتىكى ئارتۇقچىلىق بولۇپ، كىشىلىك ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. دوستلۇقنى يوقىتىپ قويۇش ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. سەۋەنلىكى يوق دوستنى ئىزدەيدىغان كىشى مەڭگۈ دوست تاپالمايدۇ. ھېچكىممۇ ئۆزىگە تەڭ ماسلىشىپ ماڭىدىغان، ئۆزىگە ئوپمۇئوخشاش كىشىنى تاپالمايدۇ.

قۇش ئۇۋىسىغا، ئۆمۈچۈك تورغا، ئادەم دوستلۇققا تايىنىدۇ.



# دوستلۇق ئۈچۈن بارلىقنى تەقدىم قىلىش

بۇ ۋىيېتنامدىكى بىر يېتىم باللار پاراۋانلىق ئورنىدا يۈز بەرگەن ۋەقە. ئايروپىلان ۋەھشىيلەرچە قالايمىقان بومباردىمان قىلغاچقا، بىر بومبا بۇ يېتىم باللار پاراۋانلىق ئورنىغا چۈشۈپ، بىرنەچچە بالا ۋە بىر نەپەر خادىم پارتلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىرنەچچە بالا يارىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك قىزچاقنىڭ يارىسى بەكمۇ ئېغىر بولۇپ، نۇرغۇن قان چىقىپ كېتىدۇ.

بەختكە يارىشا، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى كىشىلىك بىر داۋالاش گۇرۇپپىسى بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئايال دوختۇر، يەنە بىرى ئايال سېسترا ئىدى.

ئايال دوختۇر جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ، ئەمما كىچىك قىزچاقتىن قان كۆپ چىققاچقا، قان بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن داۋالاش ماتېرىياللىرى ئىچىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغان قان شىرنىسى بولمىغاچقا، دوختۇر نەق مەيداندا قان ئېلىشنى قارار قىلىپ، مەيداندىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ

قېنىنى تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ، ئاخىرىدا بىرنەچچە بالىنىڭ قان تىپىنىڭ ئاشۇ قىزچاقنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەمما، يەنە مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ، چۈنكى ھېلىقى دوختۇر ۋە سېسترا ۋېيتنام تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئازراقلا سۆزلىيە-لەيدىكەن، ئەمما يېتىم باللار پاراۋانلىق ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە باللار پەقەت ۋېيتنام تىلىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئايال دوختۇر ئۆزى بىلىدىغان ۋېيتنامچە سۆزلەرگە بىر قاتار قول ئىشارىتىنى قوشۇپ ئۇ باللارغا:

— دوستۇڭلارنىڭ يارىسى ئىنتايىن ئېغىر، ئۇ قان بېرىشكە موھتاج، سىلەرنىڭ قان بېرىشىڭلارغا موھتاج! — دېگەننى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئاخىر باللار چۈشەنگەندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپتۇ، لېكىن كۆزلىرىدە يەنىلا قورقۇنچ ئەگىيتتى.

باللارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم ئۈندىمەپتۇ، ھېچكىممۇ قول كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قان بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەپتۇ. ئايال دوختۇر بۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا، بىرھازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلار قان بېرىپ ئۆزىنىڭ دوستىنى قۇتقۇزۇشقا جۈرئەت قىلمايدىغاندۇ؟ ئەجەبا ئۇلار بايا دېگەن گېپىمنى چۈشەنمىگەنمىدۇ؟

نۇيۇقسىزلا بىر كىچىك قول ئاستا كۆتۈرۈلۈپتۇيۇ، ئەمدىلا يېرىم كۆتۈرۈلگەن قول يەنە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بىرئازدىن كېيىن يەنە كۆتۈرۈلۈپ، قايتا پەسكە چۈشمەپتۇ.

دوختۇر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دەرھال بۇ ئوغۇل بالىنى ۋاقىتلىق ئوپېراتسىيەخانىغا ئېلىپ كېلىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپتۇ. ئوغۇل بالا قېتىپ قالغاندەك كارىۋاتتا يېتىپتۇ، ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ كىچىك بىلەكلىرىگە سانجىلغانلىقىنى، قېنىنىڭ بىر تامچە-بىر تامچىدىن ئېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كۆز ياشلىرى بىلىنىپ-بىلمەيلا مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپتۇ. دوختۇر جىددىيلىشىپ ئوكۇل يىڭنىسى ئاغرىتىۋەتتىمۇ دەپ سوراپتۇ، ئۇ بېشىنى چايقاپتۇ. ئەمما، كۆز ياشلىرىنى يەنىلا توختىتالماپتۇ. دوختۇر سەل ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەپتۇ. خاتالىق زادى قەيەردە؟ ئوكۇل يىڭنىسى بالىنى بۇ قەدەر يىغلىتىۋەتكەنمىدۇ؟

ئاچقۇچلۇق پەيتتە، بىر ۋىيېتناملىق سېسترا بۇ يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئورنىغا يېتىپ كەپتۇ. ئايال دوختۇر ئەھۋالنى ۋىيېتناملىق سېستراغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋىيېتناملىق سېسترا دەرھال ئېگىشىپ، كارىۋاتتىكى بالا بىلەن سۆزلىشىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي بالا ھېچ ئويلىمىغان يەردىن يىغىدىن توختاپ كۈلۈۋېتىپتۇ.

ئەسلىدە، باللار ئايال دوختۇرنىڭ سۆزىنى بىر ئادەمنىڭ قىنىنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ ئېلىپ ھېلىقى كىچىك قىزچاقنى قۇتقۇزىدىكەن، ئۇزاق ئۆتمەي بىرمۇ ئۆلۈپ كېتىدىكەنمىز دەپ چۈشەنگەچكە، ھېلىقى بالىمۇ يىغلىغانىكەن. دوختۇر ھېچكىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىيچە قان تەقدىم قىلغىلى چىقمىغانلىقىنى ئاخىر چۈشىنىپتۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا بىر ئىشنى چۈشىنەلمەپتۇ ۋە «ئەجەبا قان تەقدىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ تۇرۇپ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى خالاپ يەنىلا قان تەقدىم قىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ ۋىيېتناملىق سېسترادىن.

ۋىيېتناملىق سېسترا ۋىيېتنام تىلىدا ئۇ ئوغۇل بالىدىن سورىغانىكەن، ئۇ بالا ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بېرىپتۇ. جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، پەقەت بىر-قانچە سۆز ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ جاۋابى مەيداندىكى ھەممە ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ.

ئۇ: «چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم!» دېگەنىكەن.

【تەسىرات】

## دوستىڭىز ئۈچۈن نېمە قىلىپ بەردىڭىز؟

بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى تەسىراتىمنى قانداق ئىپادىلەشنى ھەقىقەتەن بىلمىدىم. دوستلۇقنى

تەسۋىرلەپ بېرىشكىمۇ تىل تاپالمىدىم. ئەمما، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھېچكىممۇ دوستلۇقنىڭ قەدرىنى مۇشۇ بالىدەك چۈشەنمەيدىكەن.

ئەتراپىمىزدىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا قاراپ باقايلى. زادى يەنە قانچىلىك ئادەم دوستلۇقنىڭ قىممىتىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن قىممەتلىك دەپ قارايدۇ؟ ھاياتنى دېمەي تۇرايلى، ئۆز مەنپەئىتى ئالدىدا يەنە قانچىلىك ئادەم دوستلۇق ئۈچۈن مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلەيدۇ؟ پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن بەزىلەر دوستىنى بىر خىل يەمچۈك، قورال سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ئۆزىگىزنىڭ QQ رىڭىزدىكى باش سۈرەتلىرىگە قاراپ بېقىڭ، قاتار - قاتار باش سۈرەتلىرى ھەقىقىي دوستلۇققا ۋەكىللىك قىلالامدۇ - يوق؟ بىز ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىنى خالايمىز، ئەمما ئەزەلدىن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان، ھەتتا بىر ئۆمۈر يۈز كۆرۈشەلمەيدىغان دوستلۇق ئەجەبا دوستلۇقمىدۇ؟ بەزىلەر كومپيۇتېرغا قادىلىپ بىر كۈن ئولتۇرالايدۇ، ئەمما، رېئال تۇرمۇشتىكى دوستلىرى بىلەن جەم بولۇش ۋاقتىنى كۈندىن - كۈنگە ئازايتىۋاتىدۇ، بۇ ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قورۇق قىلىش ئەمەسمۇ؟

ھەقىقەتەن جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدىم، جاۋاب بېرىشكە سالاھىيەتىممۇ يوق. چۈنكى، بىزمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. غەم بېسىۋالغان چاغلىرىمىزدا، بىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان تورداشلىرىمىزغا دەردىمىزنى تۆكۈپ بېرىمىزيۇ، يېنىمىزدىكى دوستىمىزغا ئاشكا-

رىلاشنى خالىمايمىز. بەلكىم بۇنداق قىلىش دەردىنى تۆكۈشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر، لېكىن بۇ بىر خىل ئۆز دوستىمىزغا ئىشەنمىگەنلىكىمىزمۇ ـ قانداق؟ بەلكىم دوستلۇقنىڭ قەدىرـ قىممىتى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاجىزلاپ كەتكەندۇ! بەلكىم بىز دوستلۇققا ئىشەنمەس بولۇپ قالغاندۇرمىز! بەلكىم بۇ بالىنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىز توغرىسىدا ئويلىنىشىپ بېقىشىمىز كېرەكتۇ! يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ باقايلى: دوستۇم ماڭا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى تەقدىم قىلالىدىممۇ؟



# دارمىن بىلەن پىشۋىرىس

دارمىن بىلەن پىشۋىرىس كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ، بىر - بىرىگە ئىشىنەتتى، بىر-بىرىگە قېرىنداشلارچە مېھرى بار ئىدى. يەنە كېلىپ ئىككىلىسىلا دوستۇم مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى خالايدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ دوستى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىش روھىنى ئىسپاتلايدىغان ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. ھېكايە مۇنداق يۈز بېرىپتۇ.

سىلاكۇزارت ھۆكۈمرانى گېنونشىئوس پىشۋىرىسنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ياش ئالىم خەلققە: «باشقىلارنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىنىدىغان ھەرقانداق ھوقۇق چەكلىمىگە ئۇچرىشى كېرەك، مۇستەبىتلەر ئادالەتسىز كېنەزلەردۇر.» دەپ نۇتۇق سۆزلىگەنىكەن. گېنونشىئوس غەزەپلەنگەنلىكىدىن پىشۋىرىس ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىسىنى چاقىرتىپ كەپتۇ.

— سەن ئۆزۈڭنى كىم دەپ قالدىڭ، ئەجەبا خەلق ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك تارقىتىشقا پېتىندىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن پەقەت ئادالەتنى تارقاتتىم، بۇنىڭ نەرى خاتا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پىشۋىرىس.

— سىنىڭ ئادالىتىڭدە «كىنەزلەرنىڭ ھوقۇقى بەك چوڭ، ئۇلارنىڭ قانۇنى خەلققە پايدىسىز» دېيىلىدىكەن، شۇنداقمۇ؟
— ئەگەر بىر كىنەز خەلقنىڭ رۇخسىتىسىز ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان بولسا، مەن پەقەت مۇشۇنداقلا دېيەلەيمەن.
— بۇنداق دېيىش ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلىق،— گېنونشىئوس ھۆركىرەپ تۇرۇپ،— سىلەر مېنى ئاغدۇرۇش سۈيىقەستىدە بولۇۋاتىسىلەر. گېپىڭنى قايتۇرۇۋال، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاقىۋىتىگە ئۆزۈڭ مەسئۇل بولىسەن.
— گېپىمنى قايتۇرۇۋالمايمەن،— دەپتۇ پىشىۋىرىس جاۋاب بېرىپ.
— ئۇنداقتا سەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىسەن. ئاخىرىدا قانداق تەلىپىڭ بار؟
— بار. ئۆيۈمگە قايتىپ خوتۇن - بالىلىرىم بىلەن خوشلىشىۋېلىشىمغا ھەمدە ئۆيۈمنى يىغىشتۇرۇۋېلىشىمغا يول قويۇڭ.
— سەن مېنى ئادالەتسىز دەپلا قالماي يەنە مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن،— دەپتۇ گېنونشىئوس مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ،— ئەگەر سېنىڭ سىلاكۇزارتتىن ئايرىلىشىڭغا يول قويسام، شۈبھىسىزكى مەن سېنى ھەرگىز تۇتالمايمەن.
— مەن سىزگە كاپالەت بېرەي،— دەپتۇ پىشىۋىرىس.
— سەن قانداق كاپالەت بېرىپ، مېنى قايتىپ كېلىشىڭگە ئىشەندۈرەلەيسەن؟— دەپ سوراپتۇ گېنون-

ـشئوس.

بۇ ۋاقىتتا دوستىنىڭ يېنىدا جىمجىت تۇرغان دارمېن ئالدىغا چىقىپ:

— مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن، مەن سىلاكوۇزارتتا قېلىپ تاكى پىشۋېرىس قايتىپ كەلگۈچە سىزگە مەھبۇس بولاي. سىز ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى بەك چۈشىنىسىز، پەقەت مەن سىزنىڭ قولىڭىزدا بولسىلا، پىشۋېرىس چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ،— دەپتۇ.

گېنونشئوس ئۇندىمەستىن بۇ بىر جۈپ دوستقا قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى،— دەپتۇ ئۇ ئاخىرىدا،— ئەگەر سەن دوستۇڭغا ۋاكالىتەن بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىساڭ، ناۋادا ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىسا، سەن چوقۇم ئۇنىڭ ئورنىدا جازاغا تارتىلىشقا رازى بولۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر پىشۋېرىس سىلاكوۇزارتقا قايتمىسا، سەن ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆلىسەن.

— ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، — دەپتۇ دارمېن جاۋابەن، — بۇ جەھەتتە مەن قىلچە ئىككىلەنمەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن پىشۋېرىسقا بىر مەزگىل ئايرىلىشقا رۇخسەت بېرىلىپتۇ، ئەمما دارمېن تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، بىراق پىشۋېرىسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، گېنونشئوس ئۆز قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، زىندانغا كېلىپ دارمېنىنىڭ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن پۇ- شايمان قىلغان- قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ.

— سېنىڭ ۋاقتىڭ ئانچە كۆپ قالمىدى، — دەپتۇ

سىلاكوُزارت هوٚكۇمرانى مەسخىرە ئارىلاش هالدا، — مەندىن شەپقەت قىلىشنى ئوٚتۇنۇسەڭ پايدىسى يوق. دوستوُڭنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشىغا ئىشىنىپ ئولتوُرغانىكەنسەن، سېنى بىر ئەخمەق دېسەك بولغوُدەك. سەن ئوُنىڭ سەن ئۇچۇن ياكى باشقا هەرقانداق ئادەم ئۇچۇن هاياتىنى قوُربان قىلىشىنى راست دەپ قاپسەندە؟

— ئوُ پەقەت هايال قالدى خالاس، — دەپتوُ دارمېن قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، — ئوُ دېڭىزدا تەتۇر شامالغا دوُچ كەلدى ياكى يول ئۇستىدە بىرەر ئىش يۇز بەردى. ئەمما، ئىمكانىيەتلا بولسا، ئوُ چوقوُم ئوٚز ۋاقتىدا قايتىپ كېلىدوُ. مەن ئوُنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتىگە خوُددى ئوٚزۇمنىڭ مەۋجوُتلوُقىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن.

گېنونىشئوس بوُ مەهبوُسنىڭ بوُ قەدەر ئىشەنچىسىنى كوٚروُپ هەيران قاپتوُ ۋە:

— بىز تېزلا بوُنىڭ نەتىجىسىنى كوٚرەلەيمىز، — دېگىنىچە دارمېنىنىڭ كامېرىدىن چىقىپ كېتىپتوُ.

جازا ئىجرا قىلىنىدىغان كۇن يېتىپ كەپتوُ. دارمېن زىنداندىن يالاپ ئېلىپ چىقىلىپ، جاللاتنىڭ ئالدىغا كەلتۇروُلۇپتوُ. گېنونىشئوس بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىدىن خوُشال بولغاندەك كۇلكىسى بىلەن ئوُنىڭغا ئېهتىرام بىلدۇروُپتوُ.

— قارىغاندا دوستوُڭ ئوٚزىنى كوٚرسەتمەيدىغان ئوخشايدوُ، — دەپتوُ كۇلۇپ توُروُپ، — هازىر سەن دوستوُڭغا قانداق قارايسەن؟

— ئۇ مېنىڭ دوستۇم، — دەپتۇ دارمېن جاۋابەن، — مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

گەپنىڭ ئايىغى تۈگىمەستىنلا ئىشىك ئېچىلىپ، پىشۋېرىس دەلدەڭشىگىنىچە مېڭىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرى تامدەك تاتارغان، نۇرغۇن جايلىرى يارىلانغان بولۇپ، ھېرىپ- چارچىغىنىدىن گەپمۇ قىلالماي قاپتۇ. ئۇ بىردىنلا دوستىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپتۇ.

— سەن ساق - سالامەتكەنسەن، تەڭرىگە شۈكـ ـرى، — دەپتۇ ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — تەقدىر بىز بىـ ـلەن قەستەن قېرىشىۋاتقاندەك كېمەم بوران- چاپقۇندا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتى، يول ئۈستىدە يەنە قاراقچىلارغا يولۇقۇپ قالدىم، ئەمما مەن ئۈمىد ئۈزمىدىم، ئاخىر ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىم. مەن كاللامنىڭ كېسىلىشىگە تەييارلىنىپ بولدۇم.

گېنونىشئوس ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ- چوڭ ئېچىلىپ، قەلبى توساتتىن يورۇپ كېتىپتۇ. بۇ خىل قايتماس دوستلۇق ئۇنىڭغا مەڭگۈ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ.

— جازا ئەمەلدىن قالسۇن، — دەپ ئېلان قىپتۇ ۋە: — مەن دوستلۇقتا بۇ قەدەر سادىقلىقنىڭ بولىدىـ ـغانلىقىغا ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتىم. سىلەر ماڭا ھەقىقەـ ـتەن بىمەنە ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ بەردىڭلار. ساڭا ئەركىنلىك بەرسەم توغرا بولغۇدەك. ئەمما، سىلەرمۇ مېنىڭ بىر مۇھىم ئىشىمنى قىلىپ بېرىشىڭلار كېرەك؟

— سىز قايسى ئىشنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككى دوست.

— ماڭا قانداق قىلغاندا بۇ خىل قىممەتلىك دوست-لۇققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار.

【تەسىرات】

## گۈزەل تۇرمۇش چىن دوستلۇقتىن كېلىدۇ

رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، دوستلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئىنتايىن مۇھىم. دوست تۇتۇشقا ماھىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى خۇشال-خۇرام، ئەر-كىن - ئازادە ئۆتۈپلا قالماستىن، نۇرغۇن پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ، ھەر ۋاقىت كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىگە نائىل بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر كىشىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە دوست تۇتۇش ئۇقىمىنىڭ قانداق بولۇشى ئەمەلىيەتتە بىر كىشىنىڭ ئۇقىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەقىقىي دوست بىلەن بىللە بولغاندا، كىشى خا-تىرجەملىك ھېس قىلىدۇ. ئىنجىلدا: «ھەقىقىي دوست بىباھا بايلىق» دېيىلگەن. دوستلۇقنى سېتىۋالالمايمىز ياكى پۇل ئارقىلىق دوستلۇقنىڭ قىممىتىنىمۇ ئۆلچىيەل-مەيمىز. ھەقىقىي دوستلۇق تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىدۇ، ئۆمرىمىزنى ئۇزارتىدۇ.

ھەقىقىي دوست سىزنىڭ ئۆز - ئۆزىڭىزگە خوجا

بولۇش ھوقۇقىڭىزنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىدۇ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭىزگە ھەرگىزمۇ توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت سىزگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ، بۇ خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ھەقىقىي دوستلۇقتىن كېلىدۇ.

«دارمېن بىلەن پىشۋېرىس» نىڭ ھېكايىسى بىزگە ئىككى نەپەر ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ دوستلۇقتىكى ساداقىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ھېلىقى ھۆكۈمراننىڭ جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ھەمدە چىن كۆڭلىدىن: «بۇ قەدەر قىممەتلىك دوستلۇققا قانداق قىلىپ ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ قويۇڭلار» دېگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنىڭ ئىچكى مەنىسى بەكمۇ مول بولغىنى بىلەن، دوستلۇق سۈيىئىستېمال قىلىنىش تۈپەيلى بۇلغىنىپ، دوستلۇقتىكى خاتا چۈشىنىش ھەممىلا جايدا ئۇچراۋاتىدۇ. بىراق، بىز يەنىلا: «دوست بولغاندىلا، ھايات ئاندىن ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتلىك دوست زۇلمەت كېچىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرغا ئوخشايدۇ» دېگەن ھەقىقەتكە قەتئىي ئىشىنىمىز. ئادەم جەمئىيەتتە ياشىغانىكەن، ئىناق ـ دوستانە ئۆتۈپلا قالماستىن يەنە ئۆزئارا ياردەم بېرىشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك.

بىز دوست تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق

قىلغاندىلا، تۇرمۇش تېخىمۇ مول مەزمۇنغا، گۈزەللىككە تولىدۇ.

دوستلۇق — ئازابلىرىمىزنى پەسەيتكۈچى، ھاياجىنىمىز بىلەن ئورتاقلاشقۇچى، بېسىملىرىمىزنى ئازايتقۇچى، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتىكى پاناھگاھ، ئىككىلەنگەن ۋاقتىمىزدىكى مەسلىھەتچى، مېڭىمىزنىڭ تازىلىغۇچىسى، تەپەككۇرىمىزنىڭ تارقىتىلىش ئاغزى، شۇنداقلا چوڭقۇر تەپەككۇرىمىزنىڭ چېنىقتۇرغۇچىسى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەتكۈچىسى ھېسابلىنىدۇ.



# بوراندا قالغان يابىراق

«ھەممىسى شەخسىيەتچى بىرنېمىلەر، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، باشقىلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.» ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ئالى ئۆيگە قايتقاندىمۇ تېخىچە ئاچچىقى بېسىلمىغانىدى. ئۇ ئانىسىدىن:

— دۇنيادا ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم راستلا بارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە بار، بالام، مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي،— دەپتۇ ئانىسى ئالىغا.

بۇ بىر قۇرۇلۇش ئورنىدا يۈز بەرگەن ھېكايە. ياش مارتىن بىلەن كول ياخشى دوستلاردىن بولۇپ، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئىكەن. كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىنانىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانىكەن. تۇيۇقسىز ئۇلار دەسسەپ تۇرۇۋاتقان ياغاچ تاختاي سۇنۇپ كېتىپ، ھايت- ھۇيت دېگۈچە ئىككىيلەن تەڭلا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەمدى تۈگەشتۇق دەپ ئويلاۋاتقاندا، بەختكە يارىشا بىر مۇداپىئە تۈۋرۈكىگە ئېسىلىپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئىككىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، ئاجىز مۇداپىئە تۈۋرۈكى پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن چوقۇم

قولنى قويۇۋېتىشى كېرەك ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر ئىككىسى مۇداپىئە تۈۋرۈكىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. ۋاقىت ئاستا- ئاستا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، مۇداپىئە تۈۋرۈكى غاراس- غۇرۇس قىلىپ سۇنۇپ كېتىشكە ئازلا قاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا توي قىلىپ بولغان كول كۆز ياشلىرىنى توختىتالماستىن مارتىنغا قاراپ:

ــ مارتىن، مېنىڭ تېخى بالامۇ بار!ــ دەپتۇ.

توي قىلمىغان مارتىن پەقەت جىمجىتقىنا:

ــ بوپتۇ ئەمىسە!ــ دەپلا قولىنى قويۇۋېتىپتۇ-دە، خۇددى بىر تال ياپراقتەك سىمونت يەرگە ئۇچۇپ چۈ- شۈپتۇ.

تاللاش ئالدىدا، ئۇ پەقەت ئاددىيلا «بوپتۇ ئەمىسە» دېگەن گەپنىلا قىلىپ، ھايات قېلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپتۇ.

ــ ئانا، مەن مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن بۇ پەقەت بىر ھېكايە،ــ دەپتۇ ئالى بۇنىڭغا ئېرەن قىلماستىن.

ــ ئالى، ئاشۇ قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئادەم دەل سېنىڭ داداڭ، ئۇ دېگەن بالا دەل سەن،ــ دەپتۇ ئانىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئالى ئانىسىغا قاراپ تىترىگىنىچە:

ــ مارتىن تاغام چوقۇم كۈزنىڭ بورىنىدا قالغان ئەڭ گۈزەل ياپراق، شۇنداقمۇ ئانا؟ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداق، ئاشۇ گۈزەل ياپراق ھازىر چوقۇم جەن-

ـنەتكە ئۇچۇپ چىقتى، تەگرىمۇ ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن تەسىرلىنىدۇ، — دەپتۇ ئانىسى ئىككى كۆزىگە ياش ئالغان هالدا.

【تەسىرات】

## تەگرىمۇ ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن تەسىرلىنىدۇ

بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھېكايە ئىكەن، خۇددى ئالىنىڭ ئانىسى ئېيتقاندەك، «تەگرىمۇ ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن تەسىرلىنىدۇ.»

ئىشىنىمىزكى، ئالى ئەمدى ھەرگىزمۇ باشقىلار پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدۇ دەپ ئاغرىنمايدۇ، ئۇمۇ تەقدىم ئېتىشـ ـنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندى بولغاي.

كۆپرەك تەقدىم قىلىش — بىر چوڭ چىراغقا ئوخشاش سىزنى يورۇتۇپ، نېمىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ئۈستىدە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

كۆپرەك تەقدىم قىلىش — سىزنى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنىڭ توغرا ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندۈرۈپ، ۋىجدانىڭىزغا تېخىمۇ مەسئۇل بولۇشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە سىزگە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ.

كۆپرەك تەقدىم قىلىش — يەنە ئىقتىدارىڭىزنى كۈچەيتىپ، سىزنى تېخىمۇ مەنىلىك ياشاشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق مەزگىلدە سىز ئەڭ ياخشى روھىي ھالەتكە

ئىگە بولىسىز ھەمدە قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق بېغىشلاشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ئەھمىيىتىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىسىز.

تەقدىم ئەتكەندىن كېيىن، سىز ئوخشاشلا ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنىسىز!

تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، سىز ئوخشاشلا باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيسىز!

تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، سىز يەنىلا تېخىمۇ گۈزەل ھاياتتىن بەھرىمەن بولىسىز!

قانداق قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇش توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماي، تىرىشىپ ياخشى ئادەم بولۇڭ.



# كىچىككىنە كۆن نۇرى

بۇرۇن ئېلىسا ئىسىملىك بىر قىزچاق ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان بىر مومىسى بولۇپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، يۈزلىرىنى قورۇقلار بېسىپ كەتكەنىكەن.

ئېلىسانىڭ دادىسىنىڭ تاغ ئۈستىدە بىر داچىسى بار ئىكەن.

قۇياش ھەر كۈنى داچىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە نۇرلىرىنى چېچىپ، ئۆيدىكى ھەربىر نەرسىنى يوپيورۇق قىلىۋېتىدىكەن.

مومىسى شىمال تەرەپتىكى ئۆيدە تۇرغاچقا، قۇياش ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئۆيىنى يورۇتالمايدىكەن.

بىر كۈنى ئېلىسا دادىسىغا:

— نېمە ئۈچۈن مومامنىڭ ئۆيىگە كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ؟ مېنىڭچە مومامۇ قۇياش نۇرىنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، — دەپتۇ.

— قۇياش بوۋاينىڭ بېشى شىمال تەرەپتىكى دېرىزىدىن پاتمايدۇ، — دەپتۇ ئېلىسانىڭ دادىسى.

— ئۇنداقتا، ئۆيىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتەيلى، دادا.

— ئۆي بەك چوڭ، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ

دادىسى.
— ئۇنداقتا، مومام كۆن نۇرىنى ئازراقمۇ كۆرەل-مەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېلىسا.
— ئەلۋەتتە، بالام سىز مومىڭىزغا ئازراق ئەكىرىپ بەرسىڭىز بولىدۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ، ئېلىسا ئويلا- ئويلا، قانداق قىلسا مومىسىغا ئازراق كۆن نۇرى ئەكىرىپ بېرەلەي-دىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپتۇ.
بىر كۈنى ئۇ دالىدا ئويناۋېتىپ، يۇمران ئوت- چۆپ ۋە گۈللەرنىڭ قۇياشقا يۈزلىنىپ خۇددى ئۆزىگە باش لىڭشىتىۋاتقاندەك ئېگىلگەنلىكىنى، قۇشلارنىڭ بىردەم ئۇ دەرەختكە، بىردەم بۇ دەرەختكە قونغاچ مۇڭلۇق ۋىچىر-لاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار خۇددى «بىز قۇياش نۇرىنى ياخشى كۆرىمىز، يورۇق، ئىللىق قۇياش نۇرىنى ياخشى كۆرىمىز» دەۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ.
«مومامۇ چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئازراق ئالغاچ باراي» دەپ ئويلاپتۇ ئېلىسا.
بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ گۈللۈكتە ئويناۋاتقاندا، ئىللىق قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بېشىنى ئەگكەنىكەن، كۆن نۇرى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپتۇ.
«مەن چاپىنىم بىلەن كۆن نۇرىنى تۇتۇۋالاي، ئاندىن مومامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرەي» دەپ ئويلاپ، مومىسىنىڭ

ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ.

— قارالڭ موما، قارالڭ! مەن سىزگە كۆن نۇرى ئېلىپ كەلدىم! — دەپ توۋلىغىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئاچقانىكەن، ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ.

— بالام، كۆن نۇرى سىزنىڭ بىر جۈپ كۆزىڭىزدىن چىقىپ، ئالتۇن رەڭ چاچلىرىڭىزدا جىلۋە قىلىپ تۇرۇپتۇ. سىزلا مېنىڭ يېنىمدا بولسىڭىز، كۆن نۇرى ماڭا ھاجەتسىز، — دەپتۇ مومىسى.

ئېلىسا ئۆزىنىڭ كۆزىدىن نېمە ئۈچۈن كۆن نۇرى يالترايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن مومىسىنى خۇشال قىلىشنى بەكمۇ خالايدىكەن.

ئۇ ھەر كۆنى ئەتىگىنى گۈللۈكتە ئوينايدىكەن، ئاندىن مومىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆزى ۋە چېچى ئارقىلىق مومىسىغا «كۆن نۇرى» ئېلىپ كېلىدىكەن.

【تەسىرات】

## مېھىر - شەپقەتلىك بولۇڭ

ئېلىسا مومىسىغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر كۆنى ئەتىگىنى كۆزى ۋە چېچى ئارقىلىق كۆن نۇرىنى مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى گۆدەكلىكتەك كۆرۈنىسىمۇ، قەلبىنىڭ نەقەدەر ئالىيجا-

نابىلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىبلىسانىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن مومىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىپادىلىگەن بىر خىل شەكىل.

توغرا، تەشەككۈر ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ، ئۇ بارا- بارا يېتىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ ياكى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزگىلا دىققەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنىداق نەرسىلەرنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىغا ناھايىتى ئاز دىققەت قىلىمىز. ئەگەر سىزگە گۈزەل تۇرمۇش كېرەك بولسا، مېھىر- شەپقەتلىك قەلب يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پاجىئە بىر كىشىنىڭ تەپ تارتماستىن: «ماڭا ھېچكىم بىرنەرسە بېرىپ باقمىغان!» دېيىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى نامرات ياكى باي ئۆتسۇن، ئۇنىڭ روھى چوقۇم نامرات.

ستىفېن گېرىلىت مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ دۇنيادىن تېزلا ئايرىلىمەن، مەن قىلالايدىغان ھەر- قانداق ياخشى ئىش ياكى مەن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىپادە قىلىپ بېرەلەيدىغان ھەرقانداق مېھرىبانلىقنى چوقۇم ھازىردىن باشلاپ قىلىشىم، ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەسلىكىم كېرەك، چۈنكى ھاياتلىق ماڭا يەنە بىر قېتىم كەلـ- مەيدۇ».

ھەممىمىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە بېرەلەيدىغان

نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز بار، ئەمما ۋاقىت چەكلىك، شۇڭلاشقا بىز ئىمكانقەدەر باشقىلار بىلەن يېقىنلىشى- شىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئاشۇ ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرگە، بىزدىن بەختسىزلەرگە، ئەمدىلا كۇرەشنى باشلىغانلارغا، يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرگەنلەرگە بېرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز بار.

ھالبۇكى سىزدە ئالدى بىلەن جاسارەت بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارغا ئىلھام بېرەلەيسىز. ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى بېيىتقاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ روھىنى بېيىتالايسىز. سۆيگۈگە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئاشۇ سۆيۈملۈك بىلىنمەيدىغان كىشىلەرنى سۆيەلەيسىز.

تەقدىم قىلغانلار ئېرىشكەنلەردىن بەختلىك. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، تەقدىم قىلغىنى قانچە كۆپ بولسا، ئېرىشىدىغىنىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. قەرز بەرگۈچى تەرەپ ئەزەلدىن قەرز ئالغۇچى تەرەپتىن شۆھرەتلىك بولىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئۆمۈر تەنھا- لىق ھېس قىلىدۇ، ئۇلار باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ، «شۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، بۇ بىر ئىتلار تالىشىدىغان دۇنيا! سىز چوقۇم ئۆزىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىڭىز، باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەك». مانا بۇ نۇرغۇن كىشىلەر- نىڭ ئېچىنىشلىق دۇنيا قارىشى.

سىز ۋە مەن، ھەممەيلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىر تەر-

كىبى قىسمى، بىز ھەممىمىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك. تۇرمۇشتا نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەر ۋە بەختسىزلىكلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىمىز، ئەمما مۇشۇ سەۋەبتىن ئۈمىدتىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ. ھەممىمىز مارتىن ليۇتېرنىڭ: «گەرچە مەن ئەتە دۇنيانىڭ گۇمران بولۇشىنى بىلسەممۇ، يەنىلا ئالما كۆچىتىمنى تىكىۋېرمەن» دېگەن روھىدىن ئۆلگە ئالايلى.

ئادەم چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئەمەس، سۆيۈملۈك بولغانلىقى ئۈچۈن چىرايلىقتۇر.



# مۆجىزە سېتىۋېلىش

سەككىز ياشلىق بىر بالا ئاتا- ئانىسىنىڭ ئىنىسى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ پەقەت ئىنىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى بىلىدى-كەن، لېكىن ئاتا- ئانىسىنىڭ پۇلى بولمىغانلىقى ئۈ-چۈن ئۇنى داۋالىتالمىغان، ئۇلار بىر كىچىكرەك ئۆيگە كۆچۈپ بارماقچى بولغان، چۈنكى داۋالىنىش پۇلىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ھازىر تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىجا-رىسىنى تۆلىيەلمەيتۇ. ھازىر پەقەت بىر قىممەتلىك چىقىمى يۇقىرى ئوپېراتسىيە ئارقىلىقلا ئىنىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىكەن، بىراق ئۇلار پۇل قەرز ئالالمايتۇ.

ئۇ دادىسىنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئانىسىغا «ھازىر پەقەت مۆجىزىلا ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزالايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، تام ئىشكاپى ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان كۆمىكىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ كۆمەك ئىچىدىكى پارچە پۇللارنىڭ ھەممىسىنى يولغا تۆكۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ساناشقا باشلاپتۇ.

ئاندىن ئۇ بۇ قىممەتلىك كۆمەكنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئارقا ئىشكتىن چىقىپ، ئالتە كوچىدىن

ئۆتكەنـدىن كېيىن، شـۇ يەردىكـى بىـر دورا دۇكىنىغا كەپتۇ. ئۇ كۆمەكتىن 25 سىنتلىق بىر تەڭگىنـى ئېلىـپ، ئەينەك پوكەينىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ.

— سىزگە نېمە كېرەك؟— دەپ سوراپتۇ دورىگەر.

— مەن ئۇكامغا دورا سېتىۋالماقچىدىم، ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن مۆجىزە سېتىۋالماقچى،— دەپتۇ قىز جاۋابەن.

— نېمە دېدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ دورىگەر.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئاندىرى، ئۇنىڭ مېڭىسىگە بىر نەرسە ئۆسۈپ قاپتىكەن، دادام پەقەت مۆجىزىلا ئۇنى قۇتقۇزالايدۇ دېگەنىدى، ئۇنداقتا بىر مۆجىزە ئۈچۈن نەچچە پۇل كېتىدۇ؟

— بىزنىڭ بۇ يەردە مۆجىزە سېتىلمايدۇ بالام، بەكمۇ خىجىلمەن،— دەپتۇ دورىگەر كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا قىزچاققا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مېنىڭ مۆجىزىنى سېتىۋالغۇدەك پۇلۇم بار، ئەگەر بۇ پۇللار يەتمىسە مەن يەنە ئامال قىلىپ تېپىپ كەلسەم بولىدۇ. پەقەت سىز ماڭا مۆجىزىنى نەچچە پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ،— دەپتۇ قىزچاق.

بۇ ۋاقىتتا، دورا دۇكىنى ئىچىدە يەنە بىر خېرىدار بۇ گەپلەرگە زەن سېلىپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ بۇ قىزچاقتىن:

— ئىنىڭىز قانداق مۆجىزىگە ئېھتىياجلىق؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەنمۇ بىلمەيمەن،— دەپتۇ ئۇ ياش لىغىرلاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكىپ،— ئۇنىڭ كېسىلى ئىنتايىن ئېغىر، ئانام ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش كېرەك دەۋاتىدۇ. لېكىن، دادام ئوپېراتسىيە پۇلىنى تاپشۇ-رالمايدۇ، شۇڭلاشقا مەن يىغقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى مۆجىزە سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم.

— سىزنىڭ قانچە پۇلىڭىز بار؟— دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى.

— بىر دوللار ئون بىر سىنت، لېكىن مەن ئامال قىلىپ يەنە پۇل تېپىپ كېلەلەيمەن،— دەپتۇ قىزچاق ئاۋازىنى بوشقىنا چىقىرىپ.

— پاھ، بۇنىڭ توغرا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدى-غان،— دەپتۇ ئۇ كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،— بىر دوللار ئون بىر سىنت، بۇ دەل سىزنىڭ ئىنىڭىز ئۈچۈن مۆجىزە سېتىۋېلىشقا يېتىدۇ.

ئۇ بىر قولى بىلەن قىزچاقنىڭ پۇلىنى ئالغاچ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپتۇ.

— مېنى ئۆيىڭىزگە باشلاپ بېرىڭ، مەن ئىنىڭىز، ئاتا- ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشەي، ئىنىڭىز شۇ مۆجىزىگە ئېھتىياجلىقمۇ- ئەمەسمۇ كۆرۈپ باقايلى،— دەپتۇ.

دورا دۇكىنىدا بولۇۋاتقان گەپلەرگە ئۇزاققىچە زەن سېلىپ تۇرغان مۆتىۋەر ئەسلىي مەخسۇس نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى كاردۇن ئامىستىران ئىكەن. ئۇ ئوپېراتسىيەنى پۈتۈنلەي ھەقسىز قىلىپ قويۇپتۇ. ئوپېراتسىيەدىن

كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاندىرو ئۆيىگە قايتىپتۇ، سالا-مەتلىكىمۇ تېزلا ئەسلىگە كەپتۇ.

— ئۇ ئوپېراتسىيە ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە بولدى، ئوپېراتسىيەنىڭ زادى نەچچە پۇلغا قىلىنىدىغانلىقىنى بەكمۇ بىلگىم بار؟— دەپتۇ ئانىسى ئاستاغىنە.

كىچىك قىزچاق كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ مۆجىزىنىڭ ھەقىقىي باھاسىنىڭ بىر دوللار ئون بىر سىنت بىلەن بىر كىچىك بالىنىڭ قەتئىي ئىشەنچىسىنىڭ مۇجەسسىمى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

【تەسرات】

## ئىشەنچنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ

«مۆجىزىنى سېتىۋېلىش» دېگەن بۇ ھېكايىدە سەككىز ياشلىق بىر قىز «مۆجىزە» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، گۈزەل، ساپ قەلبى بولغاچقا، ئۇ ئاتا-ئانىسىنى، ئىنىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىگە بىر مۇستەھكەم ئىشەنچ، يەنى ئىنىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئورناپ كەتكەنىدى. ھېكايىنىڭ يېشىمگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، يەنى كىچىك قىزچاق «بىر دوللار ئون بىر سىنت» بىلەن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان «مۆجىزە» گە ئېرىشىدۇ. بىز بۇ سەككىز ياشلىق قىزنىڭ قەتئىي ئىشەنچىسگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

بىر كىشىنىڭ قەلبىدە، ئەگەر ھەمىشە مۇشۇنداق

ئىشەنچىنىڭ نۇرلۇق چىرىغى تىرەك بولۇپ تۇرسا، نۇرغۇن قىيىنچىلىق ئوڭايلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ھەيلىن كەيلۇرنىڭ كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ: «سىز قۇياشقا يۈزلەنگەن ۋاقتىڭىزدا، كۆلەڭگىڭىز ئارقىڭىزغا تاشلىنىدۇ؛ قۇياشقا دۈمبىڭىزنى قىلىپ تۇرسىڭىز، ئۇنداقتا كۆلەڭگىڭىز ئارىسىغا مەڭگۈ چۆكۈپ كېتىسىز.» تەلتۆكۈس ئىشەنچكە ئىگە بولغاندىلا، خۇددى قۇياشقا يۈزلەنگەنگە ئوخشاش، ئاشۇ مۇدھىش كۆلەڭگىڭىز ئارقىڭىزغا تاشلىنىدۇ، بۇ ھاياتىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك.

ئادەمنىڭ ئېتىقادى قانچە مۇستەھكەم بولسا، تۇرمۇشى شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. ئېتىقادى بولمىغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ھايۋانىنىڭ تۇرمۇشىدىن پەرقلەنمەيدۇ.



# ئەڭ تەملىك چۈش

ئۇ بىر جورىسىز دادا بولۇپ، يەتتە ياشلىق ئوغلىنى يالغۇز بېقىپ كېلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئوغلى دوستلىرى بىلەن ئويناپ بىر يەرلىرىنى يارا قىلىپ قايتىپ كەلسە، ئۇ ۋاقىتسىز ۋاپات بولغان ئايالىنىڭ يوقلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يۈرىكىنى بىرنېمە تاتىلىغاندەك بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتەتتى. بۇ بالىسىنى قويۇپ كاماندىروپكىغا كەتكەن كۈنى يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، ئۇ پويىزغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن، بالىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئەتىگەنلىك تاماق يېيىشكە ۋاقىت چىقىرالماي، ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆيدىن ئايرىلغانىدى. ئۇ يول ئۈستىدە ئوغلۇم تاماق يېگەنمىدۇ، يىغلىغانمىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ، كۆڭلى پەقەت جايىدا بولماپتۇ. گەرچە كاماندىروپكا ئورنىغا بېرىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆيگە تېلېفون بېرىپتۇ. لېكىن، ئوغلى دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەنسىرىمەسلىكنى ئېيتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدە تەشۋىشلىنىپ تۇرغاچقا، ئىشلارنى ھاپىلا- شاپىلا بىر تەرەپ قىلىپلا قايتىشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئوغلى ئاللىقاچان قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى، بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ. سەپەر ھارغىنلىقى ئۇنىڭ ماغدۇرىنى قويمىغاچقا، ئۇ ئەمدىلا

ياتاي دەپ تۇرۇشىغا، يوتقاننىڭ ئاستىدا بىر قاچا تۆكۈلۈپ كەتكەن چۆپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ما بالىنى! — ئۇنىڭ بەك ئاچچىقى كېلىپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ كاسىسىغا قاتتىق ئۇرۇپ كېتىپتۇ، — نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن، نېمىشقا دائىم داداڭنى خاپا قىلىسەن؟ مۇشۇنداق كەپسىزلىك قىلىپ يوتقاننى پاسكىنا قىلىۋەتسەڭ كىمگە يۇدۇرىمىز؟ — دەپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بالىسىغا بىرىنچى قېتىم تەن جازاسى بېرىشىكەن.

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم...... — دەپتۇ بالا ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ، — مەن كەپسىزلىك قىلمىدىم، بۇ ...... بۇ، دادا سىزگە تەييارلىغان كەچلىك تاماق ئىدى.

ئەسلىدە بالا دادىسىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىغا ئۇلگۇرتۇپ، ئالاھىتەن ئىككى قاچا چۆپ چىلىغان بولۇپ، بىر قاچىسىنى ئۆزى يەپ يەنە بىر قاچىسىنى دادىسىغا ئېلىپ قويغانىكەن. ئەمما، دادىسىنىڭ قاچىسىدىكى چۆپنىڭ سوۋۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يوتقاننىڭ ئاستىغا قويۇپ ئىسسىق ساقلىماقچى بولغانىكەن.

دادىسى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچنېمە دېمەستىن ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ. ئۇ قاچىدىكى ئاللىقاچان ئېسىلىپ كەتكەن يېرىم قاچا چۆپنى كۆرۈپ:

— بالام، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەملىك چۆپ بوپتۇ! — دەپتۇ.

【تەسرات】

## تۇرمۇش مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە موھتاج

كىچىك بالا ئۆز ئۇسۇلى ئارقىلىق دادىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى، بۇ بىر قاچا «ئەڭ تەملىك چۆپ» ئۇنىڭ دادىسىنى تەسىرلەندۈردى، بۇ ھېكايىنىڭ ئوقۇرمىنى بولغان بىزلەرنىمۇ تەسىرلەندۈردى.

قېرىنداشلىق مېھرى ـــ ئۇ تۇرمۇشقا زىننەت بې‍ـ‍ غىشلىغۇچى، ھاياتنى پاكلىغۇچى مۇزىكا، چەكسىز گۈزەل ياشلىق لىرىكىسى. ھەرقايسىڭلار قولۇڭلارنى مەيدەڭلەرگە ئاستا قويۇپ بېقىڭلار، كىشىلەر چوقۇم بۇ سۆزنىڭ قەلبىدە يالقۇندەك كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ، ياق، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىيلا بىر سۆز ئەمەس.

قېرىنداشلىق مېھرىگە تىرەك بولىدىغىنى ئائىلىنىڭ ئۇل تۈۋرۈكى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قانداشلىق، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ۋە ئۆزئارا ياردەمدىن ئىبارەت.

قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىپادىلەش باشقا ھېسسىياتلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىر خىل ئىپادىلىگۈسىز دەرىجىدىكى ئايرىلغۇسى كەلمەسلىك بولۇپ، ئەقىل-ئىدراك تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، ئادەتلىنىش تۈپەيلى كۆچىيىپ، تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان مەجبۇرىيەت شەكىللىنىدۇ، ئۇ ھەم بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، بەخت ۋە قانائەتچانلىقتىن ئىبارەت. ئۇ ھېچقانداق

مەقسەتنى ئاساس قىلمىغان بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىدۇ، ئۆزلۈكىدىن نامايان قىلىنىدۇ.

تۇرمۇشتا قېرىنداشلار ئارا مۇھەببىتىڭىزنى ئىپادە قىلىسىڭىز، قېرىنداشلىق مېھرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. قېرىنداشلىق مېھرى بولمىغان مۇھەببەت مۇكەممەل ئەمەس، قېرىنداشلىق مېھرى بولمىغان ئادەممۇ ھەم مۇكەممەل ئادەم ئەمەس.

سىز تۇرمۇشتا يۈزلەنگەن ۋاقتىڭىزدا، ئەڭ زور بەخت — ئائىلىدىكى بەختتۇر.



# ئانا سىتىۋالغان مېۋە

مەن ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە مۇنداق بىر ئىش بولغان.

بىر كۈنى چۈشتە ئەسكى- تۈسكىلەرنى يىغىدىغان بىر ئايال يىغقان نەرسىلىرىنى كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئورنىغا سېتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتىنى ھەيدەپ ئادەم يوق بىر كىچىك كوچىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، كوچىنىڭ بىر ئەگمە بۇلۇڭىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر قارا نىيەت ئادەم ئېتىلىپ كەپتۇ. بۇ قارا نىيەت قولىغا پىچاق ئېلىۋالغان بولۇپ، پىچاقنى ئۇ ئايالنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ تۇرۇپ، «پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى چىقار» دەپ ئەسەبىيلەرچە بۇيرۇق قىپتۇ. ئۇ ئايال قورققىنىدىن ھاڭۋېقىپ، ئۆز جايىدا مىدىر- سىدىر قىلالماي تۇرۇپلا قاپتۇ.

قارا نىيەت ئۇ ئايالنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، بىر سۇلياۋ خالتىنى تېپىۋاپتۇ، سۇلياۋ خالتىنىڭ ئىچىدە بىر تۇتام قەغەز پۇل بار ئىكەن.

قارا نىيەت سۇلياۋ خالتىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولغاندا، ئۇ ئايال ئېسىگە كېلىپ، دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، كاپپىدە قىلىپ سۇلياۋ خالتىغا ئېسىلىپتۇ. قارا نىيەت پىچاقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ،

سانجىۋېتىدىغان ئەلپازدا ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىش ئۈچۈن تەھدىت سالپتۇ. ئەمما، ئۇ ئايال پۇل قاچىلانغان خالتىغا مەھكەم ئېسىلغىنىچە قولىنى قەتئىي بوشاتماپتۇ.

ئايال بىر تەرەپتىن پۇل خالتىسىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن جېنىنىڭ بارىچە «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى كوچىدىكى ئاھالىلەرنى چۆچۈتۈپتۇ، كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە يېتىپ كېلىپ قارا نىيەتنى تۇتۇپتۇ.

كۆپچىلىك قارا نىيەتنى يالاپ، ئايالنى يۆلەپ يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا ئاپىرىپتۇ. بىر ساقچى ئۇلارنى قوبۇل قىپتۇ. سوراقتا قارا نىيەت بۇلاڭچىلىق قىلغان ئىشنى بويىنىغا ئاپتۇ. لېكىن، ھېلىقى ئايال توختىماي تىترەپ، قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. ساقچى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قورقماڭ، — دەپتۇ. ئۇ ئايال:

— مەن بەك قىينىلىپ كەتتىم، بارمىقىمنى ئۇ سۇن-دۇرۇۋەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەم ئوڭ قولىنى كۆ-تۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ ئوڭ قول بىگىز بارمىقى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قاپتۇ.

بارمىقىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىگە رازى بولۇپ پۇل خالتىسىنى قويۇۋەتمىگىنىگە قارىغاندا، خالتىنىڭ ئىچىدە-دىكى پۇلنىڭ سانى ۋە قىممىتىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ساقچى سۈلياۋ خالتىنى ئاچقا-نىكەن، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ خالتىنىڭ ئىچىدە ئاران سەككىز يۈەن

بەش مو پۇل بولۇپ، ھەممىسى بىر مولۇق ۋە ئىككى مولۇق پارچە قەغەز پۇللار ئىكەن.
سەككىز يۈەن بەش مو ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ بارمىقى سۇنسا، بىرسى جىنايەتچى بولۇپ قالسا، ھەقىقەتەن ئەرزىمەس ئىش بوپتۇ.
ساقچى گاڭگىراپ قاپتۇ. بۇ ئايالنىڭ بارمىقى سۇنغان چاغدىكى قاتتىق ئاغرىققا پىسەنت قىلماي، مۇشۇ ئازغىنە سەككىز يۈەن بەش مو پۇلنى قويۇپ بەرمەسلىكىگە تۈرتكە بولغان زادى قانداق كۈچتۇ؟ ئۇ ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ چىقىشنى قارار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايالنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتقاندىن كېيىن، ئۇ ئايالغا ئەگىشىپ، مەسىلىگە جاۋاب تاپماقچى بوپتۇ.
كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئايال دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر مېۋە-چېۋە يايمىسىغا بېرىپ، مېۋىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاشقا باشلاپتۇ. ئۇ سەككىز يۈەن بەش موغا بىر نەشپۈت، بىر ئالما، بىر ئاپېلسىن، بىر بانان، بىر بوغۇم شېكەر قومۇشى، بىر تىزىق بۆلجۈرگەن قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەر خىلىدىن تاكى سەككىز يۈەن بەش مو پۇلى تۈگىگۈچە ئاررىقتىن تاللاپ سېتىۋاپتۇ.
ساقچى ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەجەبا بىر تال بارمىقىنى قۇربان قىلىشتىن قورقماي سەككىز يۈەن بەش مونى ساقلاپ قېلىش

ئازراق مېۋە-چېۋە سېتىۋېلىپ تېتىپ بېقىش ئۈچۈنمىدۇ؟

ئايال بىر خالتا مېۋە - چېۋىنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل شەھەردىن چىقىپ، شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا كەپتۇ. ساقچى ئۇ ئايالنىڭ پىنھان بىر جايغا بارغانلىقىنى، ئۇ يەردە يېڭى بىر قەبرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئايال يېڭى قەبرە ئالدىدا بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، چىرايىدا ئازراق كۈلكە جىلۋىلىنىپتۇ. ئاندىن ئۇ مېۋە سېلىنغان خالتىنى قەبرە تېشىغا قويۇپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: «ئوغلۇم، ئاناڭ ساڭا يۈز كېلەلمەيدۇ، ئاناڭ يارىماس، سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىتىشقا ئامال قىلالمىدى، گەرچە سەن ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بولساڭمۇ، بۇ دۇنيادىن تېزلا كېتىپ قالدىڭ. ئېسىڭدىمۇ؟ سەن بۇ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا، ئاناڭ سەندىن ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، سەن ئەزەلدىن ياخشى مېۋە يەپ باقمىغانلىقىڭنى، تەملىك مېۋە يېۋالساڭ نەقەدەر خۇش بولىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ. سېنىڭ ئالدىڭدا كۆپ خىجىلمەن ئوغلۇم، ھەتتا سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇيۇڭنىمۇ قاندۇرالمىدىم، سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىتىمەن دەپ ئۆيدە مېۋە سېتىۋالغۇدەك پۇلمۇ قالمىغانىدى. بىراق ئوغلۇم، ئاناڭ تېخى تۈنۈگۈنلا سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئالغان قەرزلىرىنى تولۇق تۆلەپ بولدى، بۈگۈن يەنە سەككىز يۈەن بەش مو پۇل تاپتى. ئوغلۇم، ئاناڭ مېۋە سېتىۋالالايدىغان بولدى، قارا، ئاپېلسىن، نەشپۈت، ئالما، يەنە بانانمۇ بار ...... ھەممىسى

تەملىك، ھەممىسى ئانىڭ سېتىۋالغان ياخشى مېۋىلەر، ئازراقمۇ سېسىق ئەمەس، ئانىڭ بىردىن-بىردىن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ چىققان، يېگىن ئوغلۇم، تېتىپ باققىن...... »

【تەسىرات】

## قەلبنى لەرزىگە سالىدىغان ئانىلىق مېھرى

ئايال كىشى ئانا بولغان چاغدا، تەگرى ئۇنىڭغا بىر خىل ئانىلىق كۈچ بەخش ئېتىدۇ. بۇ خىل كۈچ تاغلار يىمىرىلىپ، زېمىنلار قۇرۇپ كەتسىمۇ بىرنى ئەبەدىلئەبەت ئويغا سالماي قويمايدۇ.

ھېكايىدىكى ئايال باش پېرسوناژ سەككىز يۈەن بەش مو ئۇچۇن ئاللىقاچان ۋاپات بولغان ئوغلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىنى قاندۇرىمەن دەپ بىر تال بارمىقىنى سۇندۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ، ئۇ بىزگە ئۇلۇغ ئانىلىق مېھرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى نامايان قىلىپ بەردى.

بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئادەم سىزگە ئاسىيلىق قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئاتا- ئانىڭىز سىزگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ! ھەرقانداق ئادەم سىزنى تاشلىۋېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئاتا- ئانىڭىز سىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ! ھەم ئۇنتۇپ قالمايدۇ!

ئاتا- ئانىلارنىڭ قەلبىدىكى مېھىر- مۇھەببەت ئەڭ ساپ بولۇپ، مەڭگۈ دېڭىزغا ئوخشاش بىزنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرىدۇ!

مېھىر- مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىنىمىزدا، مۇنداق بىر خىل مېھىر- مۇھەببەتنىڭ بارلىقىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم، ئۇ بولسىمۇ قېرىنداشلىق مېھرى.

مېھىر- مۇھەببەت ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدىنمۇ سۈرلۈك. مېھىر- مۇھەببەتكە نائىل بولغۇچىلار كىشىلىك تۇرمۇشتا تەقدىم ئېتىشكە ۋە تېخىمۇ ئالغا بېسىش شەرىپىگە ئېرىشەلەيدۇ.



# مۇنداقمۇ مۇھەببەت بار

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياش يىگىت ئانىسى بىلەن يار-يۆلەك بولۇشۇپ بىللە ياشايدىكەن، تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئىكەن. كېيىنچە ئۇ ياش يىگىت پەرىشانلىق تۇپەيلى ئەۋلىيالارغا تېۋىنىپ بۇتقا باش ئۇرۇشقا مەستانە بوپتۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشنىمۇ خالىمايدىغان مەجنۇنلۇق ھالىتىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە قېتىم قاتتىق نەسىھەت قىلىسىمۇ، ئۇ بالا ئانىسىنىڭ سۆزىگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلماپتۇ، ھەتتا ئانىسىنى ئەۋلىيا بولۇشىدىكى توسالغۇ دەپ قاراپ، بەزىدە ئانىسىغا يامان سۆزلەر بىلەن ئازار بېرىپتۇ.

بىر كۈنى بۇ يىگىت يىراقتىكى چاشەن تېغىدا تەرىقەت يولىنى تۇتقان بىر راھىبنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە راھىبقا ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەۋلىيا بولۇشنىڭ يولى توغرىسىدا تەلىم ئالماقچى بوپتۇ. ئەمما يەنە ئانىسىنىڭ توسۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغرىلىقچە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر ئۇ راھىبنى تېپىپتۇ. راھىب ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ، سۆز ئارىلىقىدا ئۇنىڭ باياتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،

راھىب ئۇزاققىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ راھىبتىن ئەۋلىيا بولۇشنىڭ ئۇسۇلىنى سورىغانىكەن، راھىب:

«تەرىقەت يولىدا ئەۋلىيا بولماقچى بولساڭ، مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي...... تامىقىڭنى يەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال تاغدىن چۈشۈپ، ئۇدۇل ئۆيىگە بارغىن، ئەمما بىرسى يالاڭ ئاياغ چىقىپ ساڭا ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ، مانا شۇ كىشى سەن دەۋاتقان ئەۋلىيا شۇ! سەن پەقەت ئۇنىڭ ھالىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن خەۋەر ئالساڭ، ئۇنى ئۇستاز تۇتساڭ، ئەۋلىيا بولالىشىڭدا گەپ يوق؟— دەپتۇ. ئۇ ياش بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك خۇشال بولۇپ، راھىبقا ئۈزمەي باش ئۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ، خۇرسەنلىك بىلەن تاغدىن چۈشۈپتۇ.

بىرىنچى كۈنى ئۇ بىر دېھقان ئائىلىسىنى قونالغۇ قىپتۇ، ئەر ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ياش ئۇنىڭ يالاڭ ئاياغ ئەمەسلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ بىر باي ئائىلىنى قونالغۇ قىپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن يالاڭ ئاياغ ئىشىك ئېچىپ بەرمەپتۇ. ئۇ سەل ئۈمىدسىزلىنىپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تۆتىنچى كۈنى ...... ئۇ پۈتۈن سەپىرىدە نۇرغۇن جايلارنى قونالغۇ قىپتۇ، لېكىن راھىب دېگەندەك ئۇنداق يالاڭ ئاياغ ئىشىك ئېچىپ بېرىدىغان كىشىنى ئۇچرىتالماپتۇ. يىگىت راھىبتىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ، ئۆيىگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ.

كۈن پاتاي دەپ قالغاندا، ئۇ يەنە قونالغۇ ئىزدەپ

يۇرمەستىن، كىچىلەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيىگە قايتقان چاغدا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىكەن. ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان يىگىت كۈچەپ ئىشىك ھالقىسىنى تاراقشىتىپتۇ.

— كىم؟— دەپ تووۋلاپتۇ ئانىسى ئۆي ئىچىدە قور-قۇمسىراپ تۇرۇپ.

— سىېنىڭ ئوغلۇڭ،— دەپتۇ ئۇ چۈشكۈن ھالدا. ئىشىك تېزلىكتە ئېچىلىپتۇ، جۇدەپ كەتكەن ئانا ئۇنىڭ ئىسمىنى تووۋلىغىنىچە ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆيگە ئەكىرىپتۇ. چىراغ يورۇقىدا ئانىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ ئۇنىڭغا سەپ-ساپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بالا بېشىنى ئېگىپ ئانىسىغا قارى-غانىكەن، بىردىنلا ئانىسىنىڭ سوغۇق پول ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەش- پەش دىگۈچە كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ-دە، راھىبنىڭ سۆزىنى ئەسكە ئېلىپ، ھەممىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ. يىگىتنىڭ كۆز ياشلىرى يۈزىنى بىر ئاپتۇ، «گۈپپىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يىگىت ئانىسىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ.

【تەسىرات】

## چىن ھېسسىيات بىباھادۇر

بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قەلبىم ئىختىيارسىز لەرزىگە كەلدى. ئانا ھەممىمىز ئۈچۈن ئۇلۇغ. تۇغ-قانچىلىقنى بىلمىگەن كىشى قانداقمۇ ئەۋلىيا بولالىسۇن؟

ئىشىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، ئازابلانغان، ھەتتا ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرىڭىزدا، ھەرگىز يېنىڭىزدىكى ئانىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. گەرچە ئۇ سىزدىن شۇ غەملەرنى كۆتۈرۈۋېتەلمىسىمۇ، ئەمما سىز يار- يۆلەكسىز، ئامالسىز قالغان چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ كۆلكىسى سىزگە تەرىقەت نۇرىدەك يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ، سىزدە كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىد تۇغدۇرىدۇ. مەيلى سىز قانچىلىك ئاجىزلىق ۋە موھتاجلىقتا قېلىڭ، ئانىنىڭ باغرى مەڭگۈ سىز ئۈچۈن توختاپ دېمىنى ئېلىۋالىدىغان پورت بولالايدۇ، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پاناھ بولۇشى ئوخشاشلا سىزنى بوران- چاپقۇنسىز كىشىلىك ھايات كېمىسىگە ئىگە قىلىدۇ. ئانا سىز ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەستىن يالاڭ ئاياغ ھالدا ئىشىك ئېچىپ بېرىدىغان كىشى، ئانىنىڭ كۆڭۈل- كۆكسى سىزنىڭ بارلىق سەۋەنلىكىڭىزنى ئەپۇ قىلىۋېتەلەيدۇ.

ھەربىر كىشىنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاشتىكى قىممەت قارىشى ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر ھوقۇق ئۈچۈن، بەزىلەر پۇل ئۈچۈن ياشايدۇ...... نەپسانىيەتچىلىك ئەۋج ئالغان بۇ دەۋردە، بىز ئۆزىمىزنىڭ بەكمۇ ساختا، بەكمۇ رېئال ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ئىنكار قىلالمايمىز، ئەمما قېرىنداشلىق مېھرى ئالدىدا بىز چوقۇم قېرىنداشلىق مېھرىنى تاللىشىمىز كېرەك. قان سۇدىن قويۇق، بىز ئانىمىزغا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ بىزنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك، قېرىنداشلىق مېھرى بىباھادۇر.

ئانىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ھەرگىزمۇ ماددىي جەھەتتىن قانائەتلەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىكى خاتىرجەملىك. ئاشۇ سىرتلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر يىلدا ئانىسى بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. گەرچە بىر ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىملا تېلېفون بەرسىمۇ، بىر جۈملە ئەھۋال سوراش، بىر جۈملە مېھرىبانلىقتىن ئانا ئۆزگىچە تەسىرلىنىدۇ.

ئانا، سىز بىر دەرەخ، باھار سىزگە تايىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ياز سىز بىلەن كۆكلەيدۇ، كۈز سىزدە پىشىپ يېتىلىدۇ، قىش سىز تامان ئويغا چۆمىدۇ. سىزنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان بارلىقىڭىزغا تەشەككۈر.



## بالىنىڭ ئارزۇسى

12 ياشلىق رۇبېن كانادانىڭ مەلۇم جايىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. بىر كۈنى ئۇ بىر دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، دېرىزە تەكچىسىدىكى بىرنەرسە ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. لېكىن، بۇ بالىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، باھاسى بەش كانادا دوللىرىلىق بۇ نەرسە ھەقىقەتەن قىممەت ھېسابلىناتتى، چۈنكى بۇ پۇل ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ھەپتىلىك چىقىمىغا توغرا كېلەتتى.

گەرچە ئۇنىڭدا بىر تىيىن بولمىسىمۇ، ئەمما رۇبېن يەنىلا دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ، دۇكان خوجايىنىغا:

— مەن دېرىزە تەكچىسىدىكى ئاۋۇ نەرسىنى سېتىۋالماقچىدىم، بىراق مەندە ھازىر پۇل يوق، ھازىرچە سېتىۋەتمەي تۇرۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ دۇكان خوجايىنى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ.

رۇبېن ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن دۇكان خوجايىنى بىلەن خوشلىشىپ، دۇكاندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ- مېڭىپتۇ، تۇيۇقسىز يان تەرەپتىكى بىر

كىچىك كوچىدىن مىخ ئۇرغان ئاۋاز خىلىغىچە ئاڭلىنىپتۇ. رۇبىن ئاۋاز چىققان تەرەپنى بويلاپ ئىش مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي سېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ھەر قېتىم بىر خالتا مىخنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، خالتىسىنى تاشلىۋېتىدىكەن. ئۇ بىر زاۋۇتنىڭ بۇ خىل خالتىنى يىغىۋالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىش ئورنىدىن ئىككى خالتىنى تېرىۋېلىپ ئاپىرىپ سېتىپتۇ. ئۆيگە قايتىش يولىدا ئۇ كىچىككىنە قوللىرىدا ئىككى دانە بەش سىنتلىق تەڭگە پۇلنىڭ يىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىڭ قامالاپ مېڭىپتۇ.

رۇبىن ئىككى دانە تەڭگە پۇلنى تۆمۈر قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۆينىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىكى قۇرۇق ئوت-چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا رۇبىن ئاشخانىغا كىرىپتۇ. دادىسى بېلىقچىلارنىڭ تورىنى ياماۋاتقان بولۇپ، ئانىسى تاماق ۋە قورۇمىلارنى تاماق ئۈستىلىگە تىزىۋاتقانىكەن. ئانىسى گەرچە بىر كۈن كەچكىچە ئالدىراشلىق ئىچىدە كىر- قات يۇيۇپ، تاماق ئېتىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، كۆكتات تېرىش ئىشلىرىنى قىلغان بولسىمۇ يەنە بوش ۋاقىت چىقىرىپ ئۆچكىلەرنىڭ سۈتىنى ساغىدىكەن، شۇنداق- تىمۇ ئانىسى دائىم خۇشال-خۇرام يۈرىدىكەن.

ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتقان رۇبىن، دائىم ئالدى بىلەن ئائىلىدىكى تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ، ئانىسى تاپشۇرغان ئۆي ئىشلىرىنى

قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنمۇ ئۈزۈلدۈرمەي چوڭ-كىچىك كوچىلارغا بېرىپ، مىخ خالتىسىنى يىغىدىكەن. گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا ئاچلىق، ھېرىپ- چارچاشنىڭ ئازابلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن كىچىك رۇبېن ھەر كۈنى كوچا- كويلارنى ئارىلاپ خالتا يىغىپتۇ. چۈنكى، دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىكى ئاشۇ نەرسىنى سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇ ئۇنى ھەر ۋاقىت ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا جاسارەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى 5- ئاينىڭ 2- يەكشەنبىسى، ئۇ ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئوت-چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان كىچىك تۆمۈر قۇتىنى ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەڭگە پۇللارنى ئېھتىيات بىلەن تۆكۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن بىر قېتىم ساناپ چىقىپتۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئەستا-يىدىللىق بىلەن يەنە بىر قېتىم ساناپ چىقىپتۇ. ۋاھ، پەقەت يەنە 20 سېنت تاپسىلا بەش كانادا دوللىرى بولىدىكەنغۇ! شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئىنتايىن مۇھىم بولغان تۆت خالتىنى يىغىۋېلىشقا تەگرىدىن مەدەت تىلەپتۇ. ئۇ پۇل قاچىلانغان تۆمۈر قۇتىسىنى قايتا يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئالدىراشلىق ئىچىدە خالتا ئىزدەشكە مېڭىپتۇ. قۇياش بارا- بارا غەربكە قىيسايغان ۋاقىتتا، ئۇ شامالدەك يۈگۈرۈپ ھېلىقى زاۋۇتقا يېتىپ كەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، خالتىنى يىغىۋېلىشقا مەسئۇل خادىم زاۋۇت دەرۋازىسىنى تاقاشقا تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن. رۇبېن ناھايىتى

ئالدىراشلىق ئىچىدە:

— ئەپەندىم، دەرۋازىنى تاقىماي تۇرسىڭىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ كىشى بۇرۇلۇپ پۇتۇن ئەزايى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كىچىك رۇبېنغا قاراپ:

— ئەتە كەلگىن، بالام! — دەپتۇ.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بۈگۈن زادى بۇ تۆت دانە خالتىنى سېتىۋېتىشىم كېرەك، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي! — بالىنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان يىلىنىش ئاۋازىدىن، ياشقا تولغان بىر جۈپ كۆزىدىن، بۇ كىشى تەسىرلەنمەي تۇرالماپتۇ.

— ساڭا پۇل نېمە ئۈچۈن بۇنچە لازىم بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى قىزىقىپ.

— بۇ بىر سىر، كەچۈرۈڭ، سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن! — رۇبېن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشنى خالىماپتۇ.

ئۇ تۆت دانە بەش سىنتلىق تەڭگە پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، خالتىنى سېتىۋالغان ئادەمگە بىر ئېغىز رەھمەت دەپلا، ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ئاشلىق ئامبىرىغا قايتىپ، تۆمۈر قۇتىنى ئېلىپ يەنە ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ھېلىقى دۇكانغا بېرىپتۇ ۋە ھېچنېمە دېمەستىن 100 دانە بەش سىنتلىق تەڭگە پۇلنى پوكەيىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپتۇ.

رۇبېن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىچە، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئۇسۇپلا ئېچىپ كىرىپتۇ.

— بۇ يەرگە كېلىڭە ئانا، تېزدىن بۇ يەرگە كەلسى-

گىزچۇ! ـــ رۇبېن ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان ئانىسىنى تۇۋلاپتۇ. ئانىسى ئەمدىلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق قان- تەرى بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك بوۋۇمنى ئانى- سىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئانىسى ئورالغان قەغەزنى ئاس- تاغىنە ئېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەخمەلگە ئورالغان زىبۇ- زىننەت قۇتىسى بار بولۇپ، قۇتىنىڭ ئىچىگە يۈرەك شەكىللىك بىر بۇلاپكا قويۇلغانىدى، بۇلاپكىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چاقناپ تۇرغان «ئانا» دېگەن خەت ئويۇلغانىكەن. ئوغلىنىڭ ئانىلار بايرىمىدا ـــ 5- ئاينىڭ 2- يەكشەنبىسى ئۆزىگە بۇنچە قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تويلۇق ئۈزۈكتىن باشقا قىممەتلىك زىبۇزىننەتلىرى بولمىغان ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلۈپتۇ ۋە ئوغلىنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ......

**【تەسىرات】**

## مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى

«بالىنىڭ ئارزۇسى» دا 12 ياشلىق بىر بالىنىڭ ئانىلار بايرىمى كۈنى ئانىسىغا بىر دانە بۇلاپكا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، بىر كۈنمۇ ئۈزۈلدۈرمەي خالتا يىغىپ ساتقانلىقى بايان قىلىنغان. كىشىلەر بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، باش

پېرسوناژ «رۇبېن» نىڭ شىجائىتىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. زادى قانداق نەرسە ئۇنى بۇ خىل ئىخلاسمەنلىككە ئىگە قىلدى؟ ۋان گوم: «مۇھەببەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان يەردە ھاياتلىق گۈللىرى گۈللەپ ياشنايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. شۇنداق، ئەگەر بىز قەلبىمىزگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى تېرىساق، ئۇنداقتا مۇھەببەت بار يەردە كۈچمۇ بولىدۇ، بۇ خىل كۈچ ھەمىشە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، بىزنىڭ تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، بارلىق قىيىنچىلىق مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا كەينىگە داجىيدۇ.

ئانىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر خۇشاللىق ئاتا قىلىڭ؛ دادىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خۇشاللىقتىن بىر قېتىم پارقىرىتىپ بېقىڭ؛ دوستىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىڭ؛ ئەتراپىڭىزدىكىلەرنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىڭ. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ گۈللىرى ھەممە جايدا پورەكلەپ ئېچىلسا، بىزنىڭ ھاياتىمىز تېخىمۇ گۈزەل مەنىلەرگە تولغۇسى!

كىشىلىك ھايات بىر گۈل، ھالبۇكى مۇھەببەت ئاشۇ گۈلنىڭ شىرنىسى.

# ھۆپۈپ ۋە ئۈنىڭ باللىرى

بۇ بىر مەيىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان كۈن بولۇپ، ئورمانلىقتىكى تۇرلۇك- تۈمەن قۇشلار ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ، خۇشال- خۇرام هالدا كۆكتە ئۈياقتىن بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازلىرى جىمجىت ئورمانلىقتا جۇشقۇن هاياتلىقتىن مەنە بېرەتتى.

ئەمما، ھۆپۈپ ۋە ئۈنىڭ جۈپتى ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ چىقالماپتۇ. يىللار ياشقا باقمايدۇ، ئۇلارنىڭ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، پەيلىرى قۇرغاقلىشىپ، پارقىراقلىقىنى يوقاتقان، خۇددى قېرى دەرەخنىڭ قۇرۇق قوۋزاقلىرىدەك بوپقالغانىدى، ئىككىلا كۆزىگە ئاق چۈشۈش تۈپەيلى ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. باللىرىنى بېقىش يولىدا ئۇلارنىڭ زېھنىي- قۇۋۋىتى تۈگەي دەپ قالغانىدى.

قېرى ھۆپۈپ باللىرىنىڭ چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلىگۈدەك بولغانلىقىنى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ تولۇق ئورۇندالغانلىقىنى، ھېچقانداق پۇشايمىنى يوق هالدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، قەدىناسلار مەسلىھەتلىشىپ، خاتىرجەم هالدا ئۇۋىسىدا تۇرۇشنى، هامىنى يېتىپ كېلىدىغان ئاشۇ بىر كۈننى ئۇۋىسىدا

جىمجىتقىنا كۆتۈشنى قارار قىپتۇ.

قىرى ھۆپۈپ خاتا ئويلىغانىكەن. ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتتە يېقىپ چوڭ قىلغان باللىرى ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ كارى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلماپتۇ. بىر كۈنى سەھەردە، ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ئاتايىتەن ئۇلارنى كۆرگىلى كەپتۇ. ياشانغان بىر جۈپلەرنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇچۇپ بېرىپ بۇ خەۋەرنى قېرىنداشلىرىغا يەتكۈزۈپتۇ.

ھۆپۈپنىڭ پەرزەنتلىرى تېزلىكتە يېتىپ كەپتۇ ھەمدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كونا ئۇۋىسىغا يىغىلىپتۇ، بىر ھۆپۈپ:

ــ بىزنىڭ ھاياتىمىز ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ تارتۇقى، ئۇلار مېھرىلىك ئەجرى بىلەن بىزنى قاتارغا قوشتى. ھازىر ئۇلار قېرىپ بىتاب بولۇپ قالدى، كۆزلىرىمۇ كۆرەلمەيدۇ، ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىقتىدارى يوق. بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك، بۇ بىز پەرزەنتلەرنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى! ــ دەپتۇ.

بۇ گەپ تۈگىشىگىلا، قالغانلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بەزىلىرى ئۇچۇپ بېرىپ ئىللىق يېڭى ئۇۋا ياساپتۇ، بەزىلىرى قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇرۇپ يورۇپ ھاشاراتلارنى تۇتۇپ كەپتۇ، بەزىلىرى ئورمانلىققا ئۇچۇپ بېرىپ، كېسەلنى ساقايتالايدىغان دورا ئىزدەپتۇ.

يېڭى ئۇۋا تېزلا تەييار بوپتۇ. باللار ئىززەت ـ ئىكرام

بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى كۆچۈرۈپ كەپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار خۇددى تۇخۇم باسقان مېكىيان ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى ھارارەت ئارقىلىق تېخى تۇخۇمدىن چىقمىغان چۈجىلىرىنى قوغدىغانغا ئوخشاش، قانىتى ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىنى ئوراپتۇ. ئۇلار يەنە ئىجتىھات بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغا بۇلاق سۈيى ئىچۈ ـ رۈپتۇ ھەمدە ئۈچلۈق تۇمشۇقلىرى ئارقىلىق قېرى ھۆپۈپلەرنىڭ قالايمىقان ئۆسۈپ كەتكەن ۋە سۇنۇپ كېتەيلا دەپ قالغان پەيلىرىنى تاراپ قويۇپتۇ.

ئورمانلىقتا ئۇچۇپ كەتكەن باللىرى كۆزگە شىپا بولىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېپىپ كەپتۇ. كۆپچى ـ لىك بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئالاھىدە ئۈنۈملۈك ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىدىن مەلھەم تەييارلاپ، قېرى ھۆپۈپلەرنىڭ كۆزىگە سۈركەپتۇ. گەرچە دورىنىڭ ئۈنۈمى بەك ئاستا، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كەل ـ سىمۇ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ يالغۇز قويماي، نۆۋەتلىشىپ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ.

خۇشال كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەپتۇ، بىر جۈپ قېرى ھۆپۈپنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، تۆت ئەتراپقا نەزەر سالپتۇ، ئۇلار باللىرىنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى پەرق ئېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن خۇشال بولۇپتۇ ۋە مول يېمەكلىك تەييارلاپ، تازا بىر تەبرىكلىشىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى باققان ئەجرىنى ئۇنتۇمىغان پەرزەنتلەر مۇشۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇلارنىڭ

كۆرۈش سەزگۈسى ۋە زېھنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى باققان ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

【تەسىرات】

## ئۇنتۇلماس مېھر - شەپقەت

تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەنلەرنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك، ئاتا - ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت. بۇ مەسىلىدە بالا ھۆپۈپلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالغانلىقىدەك تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئادەم بولۇشىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

قېرى ھۆپۈپ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چەككەن. ئەمدىلىكتە ياشىنىپ كۈچىدىن كەتكەن ھەم كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەس بولۇپ قالغان بىر جۈپ ھۆپۈپ پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغانلىقىنى، بۇ دۇنيادىن ئايرىلسىمۇ ھېچ ئارمىنى يوقلۇقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئۇۋىسىدا تۇرۇپ، ئۆلۈم ئىلاھىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن، ۋاپادار

پەرزەنتلەر ئاتا- ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزئارا بىر- بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ، تېزلىكتە قېرى ھۆپۈپلەرنىڭ يېنىغا يىغىلىدۇ. ئۇلار ئاتا- ئانىسىنىڭ ھالىدىن ناھايىتى ئەستايىدىل خەۋەر ئېلىپ، ئۆزئارا ئىش بۆلۈشۈپ ھەمكارلىشىپ، بارلىق چارە- ئاماللار بىلەن ئاتا- ئانىسىنىڭ كۆزىنى ساقايتىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى خۇشال- خۇرام ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئاتا- ئانىسىنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ.

كونىلار: «ئادەمنىڭ يۈرىكى تاش ئەمەس، قانداقمۇ ھېسسىيات بولمىسۇن» دەپ ئېيتقانىكەن. جەمئىيەتتىكى ئاشۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ مېھىر- شەپقىتىنى ئۇنتۇغان، ياشانغانلارنى خورلىغان ۋاپاسىز پەرزەنتلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال ئېسىنى يىغىپ مېھىر- شەپقەتلىك ئاتا- ئانىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇھەببەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان جايدا، ھاياتلىق گۈللىرى گۈللەپ ياشنايدۇ.



# بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى سېتىۋالاي

ئاتا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندا بەك كەچ بولۇپ كەتكەچ، چارچىغىنىدىن روھىي ھالىتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندە بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ ئىشىككە يۆلىنىپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— مەن سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— نېمە سوئال؟ — دەپتۇ دادىسى خۇشياقمىغاندەك.

— دادا، سىز بىر سائەتتە قانچە پۇل تاپىسىز؟

— بۇنىڭ سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوئال سورايسەن؟ — دەپتۇ دادىسى ئاچچىقلىنىپ.

— مەن پەقەت بىلىپ باقاي دېگەن، — دەپتۇ ئوغلى دادىسىغا يېلىنىش نەزىرىدە قاراپ، — ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، بىر سائەتتە قانچە پۇل تاپىسىز؟

— مۇبادا سەن چوقۇم بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنداقتا مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، مەن بىر سائەتتە 20 دوللار تاپىمەن، — دەپتۇ دادىسى تاقەتسىزلىنىپ.

— ئوھ، — دەپتۇ ئوغلى مەيۈسلەنگەن ھالدا بېشىنى ئېگىپ. ئارقىدىنلا، — دادا، ماڭا 10 دوللار قەرز بېرىپ تۇرالامسىز؟ — دەپتۇ.

دادىسى ئاچچىقلىنىپ:
— ئەگەر سىنىڭ بۇنى سوراشتىن مەقسىتىڭ مەندىن قەرز ئېلىپ، قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئويۇنچۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى ھۇجراڭغا كىرىپ كەت، كارىۋىتىڭدا يېتىپ ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىڭنى ياخشىراق ئويلاپ باق. مەن ھەر كۈنى كەچكىچە جاپالىق ئىشلەيمەن، ھازىر ئارام ئېلىشىم كېرەك، سەن بىلەن بالىلارچە ئويۇن ئوينىشقا ۋاقتىم يوق،— دەپتۇ.
ئوغلى بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمەستىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئاستاغىنە يېپىپ قويۇپتۇ.
ئوغلى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دادىسىنىڭ ئاچچىقى بېسىقماپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاچچىقى بېسىلىپ، ئۆزىنىڭ باياتىن بەكمۇ قوپاللىق قىلغانلىقىنى ئويلاپ، ئاستاغىنە ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، پەس ئاۋازدا:
— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
— ياق تېخى، دادا، مەن ئويغاق،— دەپتۇ ئوغلى جاۋاب بېرىپ.
— داداڭنىڭ بۈگۈن كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس، شۇڭلاشقا بايا ساڭا قوپال تېگىپ قويدۇم، بۇ ساڭا كېرەكلىك 10 دوللار،— دەپتۇ دادىسى.
— دادا، رەھمەت سىزگە،— دەپتۇ ئوغلى خۇشاللىقىدىن پۇلنى ئېلىپ تۇرۇپ. ئاندىن ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىرمۇنچە پۇرلىشىپ كەتكەن پۇللارنى چىقىرىپ

ئەستايىدىللىق بىلەن ساناشقا باشلاپتۇ.

— سىزنىڭ پۇلۇڭ بار تۇرۇپ، يەنە پۇل سورامسەن؟— دادىسى يەنە ئاچچىقلىنىشقا باشلاپتۇ.

— چۈنكى، بۇ پۇل يەتمەيتتى، لېكىن ھازىر تولۇق بولدى،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى ۋە ساناپ بولغان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— دادا، مەندە ھازىر 20 دوللار بار بولدى، مەن سىزنىڭ بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى سېتىۋالسام بولامدۇ؟ ئەتە بالدۇرراق ئۆيگە قايتىپ كېلىڭ، مېنىڭ كەچلىك تاماقنى سىز بىلەن بىرگە يېگۈم بار،— دەپتۇ.

【تەسرات】

## مېھىر- مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە ۋاقىت كېرەك

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بارغانچە تېزلىشىۋا- تىدۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بېسىمىمۇ بارغانچە ئېغىرلى- شىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ھەمراھ بولۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىدۇ. ۋاقىت ھەقىقە- تەن ئاجايىپ سېھىرلىك نەرسە، ئۇ تۈگىمەس مال- دۇنيانى، بىباھا قىممەتلىك مېھىرنى بارلىققا كەلتۈرە- لەيدۇ، گەپ سىزنىڭ ۋاقىتنى قانداق تەقسىم قىلىشىڭىزدا. خىزمەتكە باغلىنىپ قالغان ئاتا- ئانىلار باللار ئۈچۈن

ئازراق ۋاقتىمىزنى چىقىرايلى. ئۇلارنىڭ يۇرەك ساداسىغا قۇلاق سالايلى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا سەل قارىمايلى. پەرزەنتلەر گۈل-گىياھقا ئوخشايدۇ، ئۇلار ۋاقىت چىقىرىپ سۇغىرىپ تۇرۇشقا ۋە پەرۋىش قىلىشقا موھتاج.

ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى جون كومىس ئادامىس بوستونىدىكى بىر مەكتەپتە سۆزلىگەن نۇتقىدا: «مەن تېخى بالا چاغلىرىمدا، بەلكىم بۇ دۇنيادىكى بىر ئەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ چوڭ بەختنىن ـــ بالىسىنىڭ خۇلق - مىجەزىنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان بىر ئانا بەرگەن بەختتىن بەھرىمەن بولدۇم. مەن ئۇنىڭدىن مېنىڭ ھاياتىمغا بىر ئۆمۈر تەسىر كۆرسىتىشكە يېتىپ ئاشىدىغان تەربىيەنى، بولۇپمۇ ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيەنى قوبۇل قىلدىم. مەن ئۇنى گۈزەل تىللار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. لېكىن، مېنىڭ قەدىرلىك ئانامغا بولغان سېغىنىشىمدا ھېچقانداق بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت ئەمەس. شۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇش مۇساپەمدە، مەيلى كۆڭۈلسىز ئىشلار سادىر بولسۇن ياكى مەن ئۇنىڭ مېنى تەربىيەلىگەن يۆنىلىشىدىن ئايرىلىپ قالماي، بارلىق خاتالىق پەقەت مەندىلا، ھەرگىزمۇ ئانامدا ئەمەس» دەيدۇ.

بەختلىك، خۇشال-خۇرام ئائىلە بولۇشى ئۈچۈن بىر مېھرىبان قەلب بولۇشى، ئائىلىنى تولۇپ تاشقان مېھرىبانلىق ۋە غەمخورلۇق ھېسلىرىغا چۆمدۈرۈشى كېرەك.

# مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش

# روھىي ھالەت

بىر ياش يىگىت بىلەن بىر بوۋاي ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا، بىر قاراڭغۇ ئورمانلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ.

يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئۇلار بۇ ئورمانلىقتا بىر بۆرە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېقىنلا بىر تاغدىن كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بىراق، بۇ بۆرىنىڭ ئورمانلىق ئىچىدە بار ياكى يوقلۇقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

بوۋاي مېڭىش ئالدىدا، بەزىلەر ئۇنىڭغا بارماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ، بىراق بوۋاي:

— مەن ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كىشىلەر بىلەن كېلىشىپ قويغان، بۈگۈن كەچ ھەرقانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېتىپ بېرىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن نېمىلا بولسۇن 60 ياشتىن ئاشتىم، بۆرىگە يەم بولۇپ كەتسەم ھېچ ۋەقەسى يوق،— دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاي يولغا چىقىپتۇ، ئۇ بىر دانە كالتەك، بىر دانە ئايپالتا تەييارلاپ، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. بىرقانچە سائەتتىن كېيىن، بوۋاي ئورمانلىقتىن ھېرىپ ھالى قالمىغان ھالدا چىقىپتۇ. چىراغ يورۇقىدا

كىشىلەر بوۋاينىڭ ئۇستىبېشىدا نۇرغۇن قان ئىزلىرىنى كۆرۈپتۇ.

ياش يىگىت مېڭىشتىن بۇرۇن باشقىلارمۇ ئوخشاشلا بارماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ، يىگىت بىردەم ئارىسالدى بوپتۇيۇ:

«بوۋايمۇ كەتتى، مۇبادا مەن بەل قويۇۋەتسەم، يۈزۈم قالمايدۇ،— دەپ ئويلاپ، بوۋايدىن ئۆگىنىۋالغىنى بو-يىچە،— مەنمۇ ئاللىبۇرۇن ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كىشىلەر بىلەن كېلىشىۋالغانىدىم، بارمىسام قانداق بولىدۇ؟ ئۇ بوۋاي مەن بىلەن بىرگە ماڭغان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! ئېھتىمال ھەر ئىككىمىز بىخەتەررەك بولات-تۇق، مەن تېخى ياش، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەر تېخى ئۇزۇن!— دەپتۇ. ئەمما، يىگىت بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا بەدىنى قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىپتۇ.

شۇ كېچىسى يىگىت ئورمانلىققا كىرىپتۇ، بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە يېتىپ بارا-لىغانلىقىنى كۆرەلمەپتۇ. تاڭ يورۇغاندا، ئۇلار ئورمانلىق-نىڭ ئىچىدە بىر دۆۋە يىلىك ئۇستىخاننى كۆرۈپتۇ.

باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ بوۋاينىڭ كۈچ- ماغ-دۇرى ھەرگىزمۇ بۇ ياش يىگىتكە يەتمەيدىكەن. بىراق، بوۋاينىڭ پىسخىك ھالىتى يىگىتكە قارىغاندا ياخشى ئىكەن. دەرۋەقە ھەر ئىككىيلەن ئورمانلىقتا بۆرىگە يولۇققان ۋاقىتتا، بوۋاي بۆرە بىلەن بىر مەيدان ھايات-ماماتلىق ئېلىشقان، بوۋاي گەرچە يارىلىنىپ پۈتۈن بەدىنى قان بولۇپ كەتسىمۇ، ئەمما بۆرە ئاغزىدىن

قۇتۇلۇپ ھايات قالغان. ئەكسىچە، بۇ ياش يىگىتنىڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇنقى پىسخىك ھالىتى بوۋاينىڭكىدەك ياخشى بولمىغان، شۇڭلاشقا ئورمانلىققا بارا-بارمايلا قورقۇنچىدىن پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتكەن. يىگىت ئورمانلىقتا بۆرىنى ئۇچراتقاندا قورقۇنچىدىن ئاللىقاچان دەرمانسىزلىنىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۆرە بىلەن ئېلىشقۇدەك باتۇرلۇقىنى يوقىتىپ، بۆرىنىڭ ئوزۇقى بولۇپ قالغان.

【تەسىرات】

## ئاكتىپ پوزىتسىيە، مەنىلىك ھايات

ھېكايىدىكى ياش يىگىتنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنىڭ سەۋەبى يىگىتتىكى پاسسىپ پىسخىك پوزىتسىيىدە. ئۇ بۆرىگە يولۇقۇشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنى ئىنكار قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيە — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇھىم ھالقا.

كۆپ قىسىم كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، سەۋەبى — ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىمايدۇ ياكى ئۇلار غالىبلاردا بولىدىغان پىسخىك ھالەتنى ھازىرلىمىغان. بىلىم بىلەن ماھارەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ موتورى، ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيە موتورنىڭ سىلىقلاش مېيى. نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈ-

چىلەرنى تەتقىق قىلىشتىن شۇنى كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بىر خىل ئالاھىدىلىك ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيە بار. بەزى كىشىلەر تۇغما ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۇلار ئۆز- ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشتا ماھىر. يەنە بەزى كىشىلەر ئازاب- ئوقۇبەت جەريانىدا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشنى مىزان قىلغان بولۇپ، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجابىي خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيە بولمىغاندا، بىر ئادەم بېسىپ ئۆتكەن مۇۋەپپەقىيەت يولىنىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيە مۇۋەپپەقىيەتشۇ- ناسلىق نەزەرىيەسىدىكى ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپلارنىڭ بىرى. ئەگەر سىزدە ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيە ھازىرلانغان بولسا، ئۇنداقتا سىزنى قۇتلۇقلايمەن؛ ئەگەر ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيەنى يېتىلدۈرەلىسىڭىز، ئۇن- داقتا مۇقەررەركى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز.

بۈگۈندىن باشلاپ ئىجابىي پىسخىك پوزىتسىيەنى يېتىلدۈرۈش — ھەربىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلگۈچىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولسۇن.

بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق بىر پىسىخولوگنىڭ «پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن» ھەققىدە ئېيتقانلىرى بىزگە ئەينەك بولالايدۇ.

1) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، شاد- خۇرام بولۇشۇم كېرەك.

2) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ھەممىگە

ئۆزلەشتۈرۈشۈم كېرەككى، ھەرگىزمۇ ھەممىنى ئۆز ئارزۇيۇمغا لايىقلاشتۇرۇشنى سىناپ يۈرمەسلىكىم كېرەك.

3) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، سالامەتلىكىمنى ئاسرىشىم كېرەك.

4) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، تەپەككۇرۇمنى كۈچەيتىشىم كېرەك.

5) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، ئۈچ ئىش بىلەن روھىمنى چېنىقتۇرۇشۇم كېرەك: بىرى، باشقىلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىش؛ يەنە ئىككىسى مەن قىلىشنى قىلچە ئويلاپ باقمىغان ئىش بولسىمۇ، پەقەت چېنىقىش ئۈچۈن قىلىشىم كېرەك.

6) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، ئۆزۈمنى چىرايلىق لىباسلار بىلەن پاكىز تۈزەشتۈرۈشۈم، بوش، سىلىق سۆزلەپ، ئىش- ھەرىكەتتە ئىلمىي توغرا بولۇشۇم، باشقىلارنىڭ ماختاپ- ئۇچۇرۇشلىرىغا ياكى ھاقارەتلەپ- سۇندۇرۇشلىرىغا قىلچە پىسەنت قىلماسلىقىم كېرەك.

7) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، بۈگۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلىنىشىم، ھەرگىزمۇ ھاياتىمدىكى يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى بىر يوللا ھەل قىلىۋېتىشنى سىناپ يۈرمەسلىكىم كېرەك.

8) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، ھەر سائەت بويىچە ئېنىق پىلان تۈزۈشۈم كېرەك.

9) پەقەت بۈگۈن ئۈچۈن، قىلچىمۇ قورقماسلىقىم، ھەممىگە كۆلۈمسىرەش بىلەن يۈزلىنىشىم كېرەك.

# شاپتۇل دەرىخى

باغدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا بىر تۈپ شاپتۇل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئۇ ئىنتايىن ھەسەتخور بولۇپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ بولۇق مېۋىلىرىگە قاراپ ئىچى ئاچچىق بوپتۇ.

— نېمىشقا ياڭاقنىڭ مېۋىسى مېنىڭكىدىن كۆپ؟ مېنىڭ نەرىم ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ؟ تەگرى ھەقىقەتەن ئادالەتسىزكەن؟ بولمايدۇ، كېلەر يىلى مەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئېگىز ئۆسۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپ مېۋە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويىمەن! — دەپتۇ شاپتۇل دەرىخى غەزەپلىنىپ.

— سەن باشقىلارغا ھەسەت قىلما! — دەپتۇ شاپتۇل دەرىخىگە يېقىنلا يەردىكى قېرى نەشپۈت دەرىخى نەسىھەت قىلىپ، — سەن ياڭاق دەرىخى غوللىرىنىڭ كۆچلۈك، يوپيۇرماقلىرىنىڭ قويۇق ئۆسكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كاللاڭنى ئىشقا سېلىپ ئويلاپ باقامسەن؟ ئەگەر سەنمۇ ئۇنىڭچە مېۋە بەرسەڭ، سېنىڭ ئاۋۇ ئاجىز شاخلىرىڭ قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ مەن ساڭا نەسىھەت قىلاي، سەن يەنىلا ئۆزۈڭنى بىلىپ، كۆڭلىرىڭنى تىنچ ئۆتكۈزگىن! — دەپتۇ.

تەكەببۇر شاپتۇل دەرىخى نەشپۈت دەرىخىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماپتۇ، ھەسەتخورلۇق ئۇنىڭ قۇلاق

ۋە كۆزىنى ئېتىۋاپتۇ، شۇنچە يوللۇق ئەسىھەت ئۇنىڭغا قىلچە كار قىلماپتۇ. ئۇ يىلتىزىغا ئېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا بۇيرۇق قىلىپ، جىددىيلىك بىلەن يەرنى ئېخىمۇ چوڭ قامالاپتۇ، تۇپراقتىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ۋە سۇنى پۈتۈنلەي سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ يەنە يوپۇرماقلىرىغا بارلىق ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ، ئېخىمۇ كۆپ چېچەكلەشكە بۇيرۇق قىلىپلا قالماي، بەلكى بارلىق چېچەكلىرىنىڭ تولۇق مېۋىگە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلماقچى بولۇپتۇ.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئۈنۈم بېرىپتۇ، ئىككىنچى يىلى چېچەك پەسلىدىن كېيىن، شاپتۇل دەرىخى سانجاق-سانجاق مېۋىلەپتۇ. ئۇ بۇ يىل ياڭاق دەرىخىدىن ئېگىز ئۆسىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

شاپتۇللار كۈندىن-كۈنگە يوغىناپ، شاخلىرى يادەك ئېگىلىشكە باشلاپتۇ، ھەتتا نەپەس ئالالماي قاپتۇ. ئۇلار بەس-بەستە شاپتۇل دەرىخىگە ئىلتىجا قىلىپ، مېۋىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۆكۈۋېتىشنى، بولمىسا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، شاپتۇل دەرىخى كەلگۈسىدىكى شان-شەرىپىدىن ۋاز كېچەلمەي، شاخلىرىنى ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشكە، يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىققا بۇيرۇق قىپتۇ.

بىر كۈنى «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، شاپتۇل دەرىخى نالە قىلىپ، دەرەخ غولى سۇنۇپ، تولۇق شاپتۇللار يەرگە تۆكۈلۈپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئاستا-ئاستا سېسىپ تۈگەپتۇ.

【تەسرات】

## تەن ساقلىقى خاتىرجەملىكتە، كۆڭۈل ئارامى ئاددىي- ساددىلىقتا

شاپتۇل دەرىخىنىڭ ساۋىقى — ئۆزىنى قالتىس چاغلاش، ئۆزىنى بىلمەسلىكتە.

شاپتۇل دەرىخىنىڭ ساۋىقى چوڭقۇر بولۇپ، تۆپكى سەۋەبى — ھەسەتخورلۇق، مەنبەسى — ئاددىي- ساددىلىق تۇيغۇسىنىڭ كەم بولغانلىقىدىندۇر.

سىز ئاددىي- ساددا ياشاش ھېسسىياتىغا ئىگە بولسىڭىز، ئۇنداقتا گۈزەل خىسلەتلىك بولغان بولىسىز. ئاددىي- ساددىلىق تۇيغۇسى شان- شەرەپ ۋە ئار-نومۇسقا پىسەنت قىلماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ سىزگە مال-دۇنيانى توپىدەك، نام- ئاتاقنى غىل- پاللا كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقاپ كېتىدىغان تۇتەكتەك ھېس قىلدۇرالايدۇ. بۇ ھەقتە بايرون: «ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى باشقىلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى قەتئىي تىلىمەيدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئېتىبارسىز قارىشىدىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ» دېگەن؛ ئېينىشتېين قەغەز پۇلنى خەتكۈچ قىلغان؛ كيۇرىي خانىم نوبېل مۇكاپاتى مېدالىيونىنى قىزىنىڭ ئويۇنچۇق قىلىشىغا بېرىۋەتكەن. بۇ دەل ئۇلارنىڭ نام- مەنپەئەت، ئابرۇي قوغلاشمايدىغان ئاددىي- ساددا قەلبىنىڭ، ئالىيجاناب پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ

ھۆرمىتى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشتۇرگەن.

سىز ئاددىي تۇيغۇڭىز بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلەنگەنىڭىزدە، ھەقىقەتىنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز. بۇ سىزنىڭ باشقىلارنى چۈشەنگەنلىكىڭىز، ئۇلارغا كەڭ قورساق بولغانلىقىڭىز، يول قويغانلىقىڭىز؛ باشقىلارنىڭ شاد-خۇراملىقى مېنىڭ شادلىقىم، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى مېنىڭ قىيىنچىلىقىم، باشقىلارنىڭ بەختى مېنىڭ بەختىم دەپ قارىيالىغانلىقىڭىزدۇر. چۈشىنىش ۋە غەمخورلۇقنىڭ كۆپىيىشى دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى بېيىتىدۇ.

سىزدە ئاددىي تۇيغۇ بولغىنىدا تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيسىز. ئاددىيلىق — باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى، غايە ۋە ئېتىقادىنى ھۆرمەتلەش دېگەنلىكتۇر. سىز باشقىلارنى ھۆرمەتلەش جەريانىدا، ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ئاساستا ئۆز ئۆزىڭىزنى تەربىيەلەيسىز، ئەڭ گۈزەل مەنىۋىيەتنى تەسىرلىنىسىز. ئاددىيلىق — قەيسەرلىك بولۇپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن (پاتقاق يولدىن، قارابورانلىق كېچىدىن) قورقماسلىقتۇر. ئۇ سىزنى تولۇق جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ، مەڭگۈ غۇلاتمايدۇ.

تىك ياردىكى قورام تاشتا ئۆسكەن يۇمران مايسىنىڭ ھەرقانچە بوران-چاپقۇنغا ئۇچرىسىمۇ، قەيسەرلىك بىلەن قىلچە تىز پۈكمەي بىمالال ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ئەسكە ئالىمەن. ھۆرمەتلەش — ئۆزى ۋە

ئۆزگىنى ھۆرمەتلەشتۇر. تۆرگىنىپ تىلەمچىنىڭ پاسكىنا قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، «بۇرادەر......» دېگەندە، ئىككىيلەندىن بىرلىكتە ئۇقچۇغان قايناق ھېسسىياتقا پارلاق ئارزۇ- ئۈمىدلەر تولغان.

ئاددىيلىق — «بۇ دۇنيانىڭ تېتىقسىزلىقىنى كۆرۈپ يېتىش» ئەمەس، شۇنداقلا پاسسىپ ھالدا بېكىنىۋېلىشمۇ ئەمەس. ئاددىيلىق — بىر تۇرلۇك مەنزىل، ئاددىيلىق — بىر خىل ئىجابىي پىسخىك ھالەت. ئاددىيلىق ھېسسىياتى نورمال بولمىغان ئىشلارغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم. خىزمەتتە ئاددىي- ساددىلىقنى چىقىش قىلىپ، شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئىشلەپ، پايدا- مەنپەئەتتە ئەخلاقنى مىزان قىلىغاندا، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئۆزىنى بىلىشى يېتەرلىك بولمىغان، بايلىق، نام- ئاتاققا ھېرىسمەن، ئاددىي - ساددىلىق ھېسسىياتى كەمچىل بولغان كىشىلەرنىڭ بۇ ھېكايىدىن ئۆزىگە پايدىلىق بولغان تەربىيە ۋە ئىلھام ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# ئىرىشىش ۋە مەھرۇم بولۇش

بىر ئەرەب باي بىر چوڭ تىجارەتتە بارلىق دەسمايىسىنى يوقىتىپلا قالماي، يەنە قەرزدار بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيى، ماشىنىسىنى سېتىپ قەرزىنى قايتۇرۇپتۇ.

شۇ زاماندا نە ئوغلى، نە قىزى يوق، نامراتلىقتىن مىسكىنلەشكەن بىر غېرىب بوۋاي بار بولۇپ، پەقەت بىر كۈچۈكى ۋە بىر دانە كىتابىغىلا تايىنىپ ياشايدىكەن. قار- شىۋىرغانلىق بىر كېچىدە، ئۇ چەت بىر كەنتكە كېلىپ، شىۋىرغاندىن پاناھلانغۇدەك بىر كەپىنى تېپىپتۇ. كەپىدىن بىر پەنەر چىراغنى تەستە ئىزدەپ تېپىپ، يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن بىر تاللا سەرەڭگە بىلەن پەنەر چىراغنى يېقىپتۇ-دە، كىتابنى كۆرمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، توساتتىن چىققان بوران پەنەر چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئەتراپ قاپقاراڭغۇلۇقتا قاپتۇ. بۇ بىچارە بوۋاي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھاياتلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، يېنىدىكى كۈچۈكى ئۇنىڭغا ئاز-تولا تەسەللى بېرىپتۇ، ئۇ ئۇھ تارتقىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بوۋاي ئەتىسى ئويغىنىپ ئامراق كۈچۈكىنىڭ ئىشىك سىرتىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇ تىرىكلىكىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان كۈچۈكىنى سىلىغاچ، بۇ دۇنيانىڭ

تارتىشقۇدەك ھېچنېمىسى يوقتەك، ئەلەمگە پېتىپ، ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئاخىرقى قېتىم تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىختىيارسىز پۈتۈن يېزىنىڭ تىمتاسلىقتا چۆمگەنلىكىنى سېزىپ، ئەجەبلەنگىنىچە ئالدىراپ سىرتقا چىقىپتۇ. ھەممە جاينى ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى قاپلىغان مەنزىرە. تەبىئىيكى، قاراقچىلار تۈنۈگۈن ئاخشام بۇ يېزىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، بىرمۇ ئادەمنى ھايات قويمىغانىكەن.

بۇنى كۆرگەن بوۋاينىڭ پىكرىدە بۇرۇلۇش بوپتۇ. ئۇ: بۇ يېزىدا بىردىنبىر ھايات قالغان تەلەيلىك ئادەم مەن ئىكەنمەن، مەن چوقۇم قەيسەرلىك بىلەن ياشىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ پەيتتە قىپقىزىل قۇياش ئاستا- ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپ، ئەتراپقا ئىللىق نۇرىنى سېپىپتۇ. بوۋاي قۇياشتىن زوقلانغاچ، مەن بۇ دۇنيادا ھايات قالغان بىردىنبىر بەختلىك ئادەم، مېنىڭ ئۆزۈمدىن ئەپسۇسلىنىشقا ئاساسىم يوق، ئەلۋەتتە ئامراق كۈچۈكۈمنى يوقىتىپ قويدۇم، بىراق مەن ھايات قالدىم، ھاياتلىقنىڭ ئۆزى ئەڭ قىممەتلىك دەپ ئويلاپتۇ.

بوۋاي قەيسرانە ئىشەنچ بىلەن پارلاق قۇياشنى كۈتۈۋاپتۇ.

【تەسرات】

## ھاياتلىق بولسا ئۈمىدمۇ بولىدۇ

كىشىلىك ھاياتتا ئىرىشىش ۋە يوقىتىش بولۇپ

تۇرىدۇ، بىر قېتىملىق ئېرىشىش ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ئېرىشىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. نېمىلەرنىدۇر يوقاتقىنىمىزدا پوزىتسىيەمىزنى ۋە قارىشىمىزنى ۋاقتىدا تەڭشىمىسەك قايتا ئېرىشمىكىمىز تېخىمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

«ئېرىشىش ۋە مەھرۇم بولۇش» ناملىق ھېكايىدىكى بوۋاي ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان، ھەتتا ئۈمىدسىزلىنىپ ھاياتتىن ۋاز كەچمەكچى بولغان روھىي ھالەت ئاستىدا، قايتىدىن ئۈمىدلىنىپ، ئازابلىق ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ، ھاياتقا يېڭى ئارزۇ، ئىشەنچ بىلەن باقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق زور بۇرۇلۇشتۇر.

بۇ ھېكايىنى ئۆزىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا باغلاپ ئويلىغىنىمىزدا، مەغلۇپ بولغان ياكى ئازاب- ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان ۋاقتىمىزدا، بىزمۇ ئوخشاشلا ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتى ۋە روھىي ھالىتىمىزنى تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

مۇبادا سىزنىڭ نۇتقىڭىز، ناخشىڭىز، يازغان كىتابىڭىز ياكى ماقالىڭىز ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە؛ ئەگەر يولۇققان مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلالمىسىڭىز؛ كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىڭىز؛ باشقىلارنىڭ تۆھمەت قىلىشى ۋە ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىسىڭىز ھەرگىز غەمگە پاتماڭ. بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېسىڭىزدىن چىقارمىسىڭىز، ئىشلىرىڭىزغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ گۈزەل خۇشاللىق مىنۇتلىرىڭىزنىمۇ ئىگىلىۋالىدۇ. كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئارقىڭىزغا چۆرۈ-

ۋېتىلىك، كۆڭلىگىزدىن ئۆزۈل-كېسىل ھەيدەپ چىقى-رىۋېتىڭ. تاسادىپەن مەسىلە سادىر قىلىپ قويغاندا، باشقىلارنىڭ تىللاپ-ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىغاندا، ئىز-زەت-ئابرۇيىڭىز دەخلى-تەرۇزگە يولۇققاندا، ھەرگىز بۇلارنى مەڭگۈلۈك ئۆۋالچىلىق دەپ قارىماڭ، بەلكى باتۇرلۇق بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىڭ، مەغلۇبىيەتنىڭ قارا كۆلەڭگۈسىدىن چىقىپ كېتىڭ.

غەم-ئەندىشە، ئازاب-ئوقۇبەت، شەخسىيەت-چىلىكتىن مەڭگۈ يىراق تۇرۇڭ؛ ھاماقەتلىك، ساختى-لىق، سەۋەنلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە مەسىلىلەرنى يۈزەكى ئويلاشتىن تېخىمۇ ساقلىنىڭ. مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان يامان ئادەتلىرىڭىز، چۈشكۈن مەقسەت-مۇددىئايىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە باتۇرلۇق بىلەن تىرىشىڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىز، سىز كىشىلىك ھايات سەپىرىنىڭ تولىمۇ ئازادە، ئەركىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

كۆلەڭگىدىن قۇتۇلۇپ، ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈ-لۈڭ. مەيلى ئىلگىرىكى كەچمىشىڭىز نەقەدەر ئازابلىق، قانچىلىك كاج بولسۇن، ھەممىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىڭ. غەم-ئەندىشە، ۋەھىمە، تەشۋىش، پۇشايمانىڭىز زېھىن-قۇۋۋىتىڭىزنى خورىتىۋېتىشىگە يول قويماڭ. كۈچ-قۇۋ-ۋىتىڭىزنى ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كەلگۈ-سىڭىز ئۈچۈن سەرپ قىلىڭ.

ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىدارە قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولۇڭ. سىزدە ئىپادىلەنگەن

چۈشكۈنلۈك، تىنتىلداش، قورقۇنچ ۋە تەشۋىش ئۆزىڭىزنى ئىدارە قىلىشىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، ئىقتىدارسىزلىقىڭىزنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت سىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭىز، شۇڭا ئۇنى ئالتە تاغنىڭ نېرىسىغا چۆرۈپ تاشلىۋېتىڭ.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.



# خاقان بىلەن قارچىغا

چىڭگىزخان بىر ئۇلۇغ خاقان ۋە باتۇر جەڭچى.

ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن پېرسىيىگە قوشۇن تارتىپ، نۇرغۇن زېمىننى ئىشغال قىپتۇ. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە تۆھپىسى تىللاردا داستان بولۇپتۇ. كىشىلەر ئىسكەندەر شاھتىن بۇيان تېخى چىڭگىز خاقاندەك شاھ ئۆتمىگەن دېيىشىپتۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، چىڭگىزخاقان جەڭدىن قايتىپ، ئېتىنى مىنىپ بۇرادەرلىرى بىلەن بىرگە ئورمانلىققا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ. ئۇلار قوللىرىغا ئوقيا ئېلىپ، قىقاس-چۇقان ئىچىدە ئات چاپتۇرۇشۇپتۇ، چاكارلار ۋە ئوۋ ئىتلىرى ئۇلارغا يېتىشەلمەي قاپتۇ.

بۇ قېتىمقى ئوۋ ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولۇپتۇ. ئورمانلىقتا ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە-چاقچاقلىرى ياڭراپتۇ. ئۇلار كەچ كىرگۈچە ئوۋ ئوۋلاپ ئاندىن قايتىشماقچى بولۇپتۇ.

خاقاننىڭ قولىدا ئامراق قارچىغىسى بار ئىكەن. باشقىلارمۇ كۆندۈرۈلگەن قۇشى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىكەن. ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ئوۋ قۇشلىرى بوشلۇققا قۇيۇندەك كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپتىن ئولجا ئىزدەپ، بۇغا ياكى توشقاندەك نەرسىلەرنى بايقاپ قالغان ھامان

يانىدىكى ئوقىدەك شۇڭغۇغىنىچە ئۆلجىغا ئېتىلىدىكەن. چىڭگىز خاقان ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى تولۇق بىر كۈن ئورمانلىق ئىچىدە چېپىشىپ يۈرۈپمۇ تۇتقان ئولجىسىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئۇنچە كۆپ بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ.

كەچ قارايغان مەزگىلدە ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىشماقچى بولۇپتۇ. خاقان دائىم ئورمانلىقتا كېزىپ يۈرگەچكە، ھەربىر يولنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىكەن. باشقىلار يېقىن يول بىلەن ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىراپتۇ، بىراق خاقان تاغ جىلغىسىنى بويلاپ ماڭىدىغان ئۇزۇنراق يولدا مېڭىشنى تاللىۋاپتۇ.

ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولۇپ، خاقان ناھايىتى ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئۇ ئامراق قارچىغىسىنى چوقۇم ئۆيگە قايتىپ بارالايدۇ دەپ ئويلاپ قويۇپ بېرىپتۇ.

خاقان ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قويۇپ بېرىپ ئەركىن مېڭىپتۇ. ئۇ ئىلگىرى بۇ يولغا يېقىنلا يەردە سۈپسۈزۈك بىر بۇلاقنى كۆرگەنىكەن. ئەگەر ئۇنى تاپالىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! بىراق، ياز كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولۇپ، تاغ جىلغىسىدىكى نۇرغۇن كىچىك ئېقىنلار قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئاخىر بىر پارچە قورام تاش ئاستىدىن كىچىك بىر ئېقىننى بايقاپتۇ-دە، ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ چوقۇم يىراقراق جايدا بۇلاق بارلىقىنى پەملەپتۇ. نەمخۇش پەسىلدە، بۇ جايدا دائىم سۈپسۈزۈك ئېقىن ئېقىپ تۇراتتى. بىراق، ھازىر سۇ تامچىلىرى يەر

ئاستىدىن سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى.

خاقان ئاتتىن چۈشۈپ، ئوۋ خالتىسى ئىچىدىن كىچىككىنە بىر كۈمۈش جامنى ئېلىپ يەرگە پاتۇرۇپ سۇ ئالماقچى بولۇپتۇ.

جامنى لىقلاش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىپتۇ. خاقان ئىنتايىن ئۇسساپ كەتكەچكە تاقەتسىزلىنىپتۇ. جام ئاخىر تولۇپتۇ، ئۇ ئالدىراپ سۇنى ئىچمەكچى بولۇپ ئەمدىلا ئېغىز تەگكۈزەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇساتتىن ئاسماندىن بىر قۇش ئەنسىز سايرىغىنىچە خاقاننىڭ قولىدىكى جامنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ-دە، جامدىكى سۇ يەرگە سىڭىپ كېتىپتۇ.

خاقان بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئامراق قارچىغىسى ئىكەن.

قارچىغا خاقاننى نەچچىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ، ئاندىن بۇلاق يېنىدىكى قورام تاش ئۈستىگە قونۇپتۇ.

خاقان يەردىكى جامنى ئېلىپ يەنە سۇ ئالماقچى بولۇپتۇ.

بۇ نۆۋەت جامنى تولدۇرۇشقا ئۇنچىۋالا ئۇزاق ساقلاپ تۇرۇشقا تاقىتى تاق بولغان خاقان، جامدىكى ئەمدىلا يېرىملاشقان سۇنى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا قارچىغا يەنە ئۇچۇپ كېلىپ، جامنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

خاقان تېرىككىشكە باشلاپتۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ، بىراق بۇ قېتىممۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماپتۇ.

خاقان بۇ نۆۋەت قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.
«بۇنداق قىلىشقا قانداق پېتىنندىڭ؟ ئەگەر سېنى تۇتۇۋالسام، چوقۇم بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ. كېيىن خاقان يەنە سۇ ئېلىشنى باشلاپتۇ. بىراق، بۇ نۆۋەت سۇ ئىچىشتىن بۇرۇن، خاقان ئالتۇن شەمشىرىنى چىقىرىپتۇ.
«ھەي قارچىغا، بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى» دەپ ئېيتىپتۇ.
ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشماستىنلا، ھېلىقى قارچىغا يەنە ئۇچۇپ كېلىپ، خاقاننىڭ قولىدىكى جامنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. خاقانمۇ بەتلەپ قويغان قىلىچى بىلەن بىر چاپقانىكەن، بىچارە قۇش يەرگە پالاقلاپ چۈشۈپ قانغا بويىلىپتۇ-دە، ئۇزاق ئۆتمەيلا خوجايىنىنىڭ ئايىغى ئاستىدا جان ئۈزۈپتۇ.
«بۇ سېنىڭ قىلمىشىڭغا بېرىلگەن تېگىشلىك جازا» دەپتۇ خاقان.
ئۇ بۇرۇلۇپ جامنى تېپىپ سۇ تولدۇرماقچى بولۇپتۇ، بىراق جام يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەچكە ئىشلەتكىلى بولماپتۇ.
«قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن چوقۇم بۇلاق سۈيىدىن ئازراق ئىچىشىم كېرەك» دەپتۇ خاقان ئۆز ئۆزىگە.
ئۇيلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بۇلاق سۈيىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تېپىش ئۈچۈن ئېقىن بويلاپ يۇقىرىغا يامىشىپتۇ. يول ئىنتايىن ئەسكى بولۇپ، ئۇ

ئاستا- ئاستا يوقىرىغا ئۆرلەپتۇ، ئۆرلىگەنچە ئۇسۇزلۇققا چىدىيالماي قاپتۇ.

خاقان ئاخىر كۆزلىگەن يېرىگە كەپتۇ. ئۇ يەردە ھەقىقەتەن كىچىككىنە بىر سۇ كۆلچىكى بار ئىكەن. بىراق، كۆلچەكتە قانداقتۇر بىرنەرسە ياتقان بولۇپ، كۆلچەكنى تىندۇرۇپ تاشلىغاندەكلا كۆرۈنۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يوغان بىر زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۆلۈكى ئىكەن.

خاقان بۇنى كۆرۈپ دەرھال قەدىمىنى توختىتىپتۇ- دە، ئۇسساپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن قارچىغىسىنى ئويلاپتۇ.

«ئەسلىدە قارچىغا مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم ئىكەن. بىراق مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتىمەن» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ.

ئۇ تاغدىن چۈشۈپ، قارچىغىنىڭ ئۆلۈكىنى يىغىشتۇرۇپ يۇك- تاق خالتىسىغا سايتۇ. ئاندىن ئېتىنى مىنىپ، ئۇچقاندەك ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆز- ئۆزىگە «بۈگۈن مەن بىر قېتىملىق ئازابلىق ساۋاقنى قوبۇل قىلدىم، ئۇ بولسىمۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز قىزىققانلىق بىلەن ئىش قىلمايمەن» دەپتۇ.

**【تەسرات】**

## قارىغۇلارچە ئىش قىلىش ــــ نادانلىق

«خاقان بىلەن قارچىغا»نىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇ-

غاندىن كېيىن، قارچىغىغا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىدىن خالىي بولالمايمىز. شۇ قەدەر ساداقەتمەن قارچىغىنىڭ چىڭگىزخانىنىڭ بىردەملىك قىزىققانلىق قىلىشى سە-ۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىغا ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىچى سىيرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىش قىلغاندا ھەرگىز قارىغۇلارچە ئىش قىلماسلىقىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە تەسىراتقىمۇ كېلىمىز. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمىزدا، بولۇپمۇ كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يېتىش جەريانىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق.

بىر ئادەم مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىسە بۇ تولۇپتىن ياخشى ئىش. مۇبادا بۇ نىشان خاتا بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇنداقتا، چاتاق چىقىدۇ.

مۇبادا بىر ئادەمنىڭ نىشانى خاتا بولۇپ، نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆر-سەتسە، ئىرادىسىدىن قەتئىي بوشاشمىسا، پوزىتسىيەسى كەسكىن بولسا، بۇ يامان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ئېھتىمال بۇ ئاقىۋەت نىشانسىز ياكى گۇمانخور كىشىلەرنىڭ سادىر قىلغىنىدىنمۇ ئارتۇق قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن.

نىشانسىز، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغان ئادەملەر ھەرقانچە كۆپ ئىشلارنى قىلسىمۇ، ھېچقانچە چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ؛ نىشان- مەقسىتى بار ئادەم ئۇلۇغ غايىگە ئىگە ئادەمدۇر. ئۇنداق ئادەم چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا

چىقىرالايدۇ؛ مۇبادا ئۇنىڭ غايىسى خاتا بولسا، بۇ غايە تامامەن بالايىئاپەت پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يامان ئىش سادىر قىلىش ئېھتىماللىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىر ئادەم نىشان تۇرغۇزغاندا ياكى غايە تىكلىگەندە ئېھتىمال خاتا بولۇپ قېلىشى، قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ نەتىجىسى ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارغا نەسىھەت قىلغان ۋاقتىڭىزدا ياكى بىرەر ئىش قىلماقچى بولغىنىڭىزدا چوقۇم «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»كە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز لازىم. چۈنكى، ئۆزىڭىزگە قاراڭغۇ نەرسىلەر ياندىكىلەرگە ئايدىڭ بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىسىڭىزمۇ، ئەمما باشقىلار كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئېھتىياتچانلىق ھەرقانداق ئەقىل- پاراسەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قول ئۇچىدىلا قىلىنغان كىچىككىنە ئىشتىنمۇ چوڭ چاتاق چىقىدۇ.



# مەشئەل ياندۇرغان ئىلھام

بىر قاراقچى بىر ئۆنچە - مەرۋايىت سودىگىرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، تاغ باغرىغىچە كەپتۇ، يول بويى ئۇنىڭغا قول سالغۇدەك پۇرسەت بولماپتۇ. تاغ باغرىغا كەلگەندىن كېيىن، تۆت ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم بولمىغاچقا، قاراقچىغا قول سالىدىغان ياخشى پۇرسەت كەپتۇ، ئۇ دەرھال سودىگەرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ.

ئالدىدىكى قاراقچىنى كۆرگەن سودىگەر جېنىنى تىكىپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ، قاراقچى توختىماي قوغلاپتۇ. قاچقۇدەك يولى قالمىغان سودىگەر بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋاپتۇ. قاراقچىمۇ ئەگىشىپ كىرىپ سودىگەرنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ سودىگەرنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى بۇلاپلا قالماي، سودىگەرنىڭ قولىدىكى مەشئەلنىمۇ تارتىۋاپتۇ.

بىراق، ھېلىقى قاراقچى مال - دۇنيانى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك دەرىجىدە قەبىھلەشمىگەنىكەن. سودىگەر بىلەن قاراقچى ئۆز ئالدىغا ئۆڭكۈردىن چىقىش ئاغزىنى ئىزدەپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ، ئازراقمۇ يورۇقلۇق كۆرۈنمەپتۇ. قاراقچى سودىگەرنىڭ مەشئىلىنى بۇلىۋالمىغان بولسا، ئۆلسىمۇ بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆز - ئۆزىدىن

خۇرسەن بوپتۇ. ئۇ مەشئەلنى ياندۇرۇپ، مەشئەلنىڭ يورۇقىغا تايىنىپ مېڭىپتۇ. مەشئەل ئۇنىڭ يول يۇرۇشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپتۇ. ئۇ مەشئەلنىڭ يورۇقىدا ماڭىدىغان يولىنى، تۆت ئەتراپىدىكى قورام تاشلارنى ئېنىق كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىرەر نەرسىگە ئۇسۇپمۇ سال-ماپتۇ، تاش پارچىلىرىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپمۇ چۈشمەپ-تۇ. بىراق، شۇنچە مېڭىپمۇ بۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كې-تەلمەپتۇ، ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆڭكۈردە ئۆلۈپتۇ.

سودىگەر مەشئەلدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈردە قېپقالماقچى بولۇپتۇيۇ، بىراق يەنىلا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ھېچقانداق يورۇقلۇق بولمىغان قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇ سىلاپ-سىپاپ يۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ، نەچچە يەرگە ئۇسۇپ، نەچچە يەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ، يۈز-كۆزلىرى تىلىنىپتۇ. بىراق، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىراقتىن سۇسقىنە يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ، ئۇ دەل ئۆڭكۈرنىڭ چىقىش ئاغزى ئىكەن.

ئەسلىدە ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن سۇس بولغان يورۇقلۇقنى كۆرەلىگەنىكەن. ئۇ بۇ سۇسقىنە نۇرغا ئەگىشىپ سىلاپ- سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئالغا مېڭىپتۇ، ئاخىرىدا ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سىلاپ- سىپاپ يۈرگەن كىشى ئەڭ ئاخىرىدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ كېتەلەپتۇ، مەشئەل يورۇقىدا ماڭغان ئادەم بولسا مەڭگۈ قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە قاپتۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ناھايىتى نۇرغۇن، بۇنداق ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ مۇشۇنداق

بولىدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشكىمۇ بولمايدۇ.

تارىختا قىينچىلىق ئىچىدە تىركىشىپ، جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن باللار ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئەكسىچە يېمەك-ئىچمىكىدىن غەم يېمەيدىغان باللار بولسا ئاخىرىدا بىر ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان.

【تەسرات】

## ئۈگۈشىسىزلىقا ئاكتىپ يۈزلىنىش

سودىگەر ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئۈگۈشسىزلىقا يۈزلىنىدۇ. گەرچە يۈز-كۆزلىرى تىلىنىپ كەتسىمۇ، بىراق ئاخىر ئۆگىكۈردىن چىقىپ كېتەلەيدۇ.

ھېكايىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈگۈشسىزلىقا ئۇچرىغىنىمىزدا قورقۇپ كەتمەي، پەقەت ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن رېئاللىقا يۈزلىنەلىسەك، چوقۇم پايدىسىز بولغان مۇھىتتىن قۇتۇلالايمىز.

پەقەت ئاكتىپلىق بىلەن ئۈگۈشسىزلىقا يۈزلەنگىنىمىزدە، ئۈگۈشسىز ئەھۋال يوقىلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ. ئۈگۈشسىزلىق تەبىئىي يۈز بېرىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرمايدۇ. ئاكتىپلىق بىلەن ئۈگۈشسىز ئەھۋالنى ياخشىلاشتا، تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك:

1) ئۈگۈشسىزلىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

«پىلانلىق ئىش بۇزۇلماس» . ئوكۇۇشسىز ئەھۋال يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ، ئاۋۋال يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ، ھەربىر ئىشقا قارىتا غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ھەققىدە ئىمكانقەدەر توغرا باھا بېرىش كېرەك .

2) ئوكۇۇشسىز ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش . ئوكۇۇشسىزلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن ، ئەستايىدىل ئانالىز قىلىپ ، بۇ خىل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب ۋە بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئۇسۇللارنى تېپىپ ، ئىمكانىيەت بولسىلا ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئامال قىلىپ ئۆزگەرتىش ، ئازايتىش ياكى ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى تۆۋەنلىتىش لازىم .

3) ئوكۇۇشسىزلىق پەيدا قىلغان يامان تەسىرنى تۈگىتىش . بەزى ئوكۇۇشسىزلىقلار توساتتىن يۈز بېرىپ ، توسۇشقا ، ھەتتا ئۆزگەرتىشكىمۇ چارىسىز قالىمىز ، مەسىلەن تەبىئىي ئاپەت ، ئاغرىق - سىلاق ، ئۆلۈم - يىتىم قاتارلىقلار . بۇنداق ۋاقىتتا ، ئامال قىلىپ ئوكۇۇشسىز ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پايدىسىز تەسىرنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئازايتىش ، تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن جاسارەت ۋە ئىشەنچنى ئاشۇرۇش كېرەك .



# بارلىقىڭىزنى قەدىرلەڭ

قىزچاق ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، مېھرىبان، يېقىشلىق ئىكەن، تۇرۇپلا بەزىدە خىلمۇخىل قىلىقلارنى چىقىرىپ، ئوغۇلغا چاقچاق قىلىدىكەن.

ئوغۇلمۇ ناھايىتى ئەقىللىق، ئىش ئۇقىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى يۇمۇرىستىك بولۇپ، ئىككىسى بىللە بولغاندا، قىزچاقنى دائىم كۈلدۈرۈپ يۈرىدىكەن، قىزچاق ئوغۇلنىڭ مۇشۇنداق خۇش چاخچاق، غەم يېمەس مىجەزىنى ياقتۇرىدىكەن.

ئۇلار بىر-بىرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن بولۇپ، قىزچاق ئوغۇلنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئوغۇلنى ئۆزىنىڭ ناھايىتى يېقىن ئادىمىدەك كۆرىدىكەن.

ئوغۇل قىزچاقنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىكەن، ئۇنىڭغا زىيادە كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشنى پەقەتلا خالىمايدىكەن. شۇڭا، ھەر قېتىم ئىككىسى سوقۇشۇپ قالغاندا، ئوغۇل «مەن ئەسكى، مەن خاتا قىپتىمەن» دەپ قىزچاقتىن كەچۈرۈم سو-رايدىكەن، ھەتتا بەزىدە خاپا بولمىغۇدەك ئىشلاردىمۇ يەنىلا شۇنداق قىلىدىكەن.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ئۇلار بويىغا يېتىپتۇ.

يىگىت يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش قىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر يەكشەنبە كۈنى قىز سىرتقا ئىش بىجىرگىلى چىقىپ كەتكەندە، يىگىت ئۇنى ئىزدەپ بېرىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەش نىيىتىدىن يالتىيىپتۇ. كۆڭلىدە قىزنى بەلكىم بەك ئالدىراش، ئۇنى ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ.

قىز دەرۋەقە ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي قالغان، كۆڭلىدە يىگىتنىڭ كېلىشىنى، ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانىكەن. ئەپسۇس، كەچ كىرگۈچە يىگىتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، قىز رەنجىپتۇ ۋە كەچتە ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن يىگىتتىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە باغاقچە يېزىپ ئەۋەتىپتۇ، بۇ ۋاقىتتا كەچ سائەت 12 بولغانىكەن.

باغاقچىنى تاپشۇرۇپ ئالغان يىگىتنىڭ ئىچى تىتىلداپ پۇچۇلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ قىزغا نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپمۇ قىز بىلەن كۆرۈشەلمەپتۇ. ئېھتىمال قىز تېلېفون سىمىنى ئاجرىتىۋەتكەن بولسا كېرەك، قىزنىڭ ئۆيىدىن تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت كىيىنىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ. ئەينى چاغدا كەچ سائەت 12 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەنىكەن.

12 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە قىز يىگىتنىڭ يان تېلېفونىدىن ئۇرغان تېلېفوننى قوبۇل قىپتۇ-دە،

سۆزلەشمەيلا قويۇۋېتىپتۇ.

بىر كېچە ھېچ گەپ- سۆزسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يىگىت قىزچاققا قايتا تېلېفون ئۇرماپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قىز يىگىتنىڭ ئانىسىنىڭ يىگىت-نىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى تېلېفونىنى قوبۇل قىپتۇ. ساقچى تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بەك تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىنى تورمۇزلاشقا ئۈلگۈرەلمەي، يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ توختاپ قالغان يۈك ئاپتوموبىلىغا سوقۇلۇپ، تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىسى يېتىپ كەلگۈچە، يىگىت جان ئۈزگەنىكەن.

قىز ئازابلىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە بەخش ئەتكەن خۇشاللىق ۋە بەختلىك مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ ياش تۆكۈپتۇ.

قىز ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ماشىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەن مەيدانغا بېرىپتۇ ۋە يىگىت تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئورۇننى كۆرۈۋېلىشنى ئويلاپتۇ. ماشىنا ھادىسىدە ماك-چىيىپ كەتكەن بولۇپ، رول، كۆرسەتكۈچ سائەتلىرىدە ھېلىمۇ يىگىتنىڭ قان داغلىرى بار ئىكەن.

يىگىتنىڭ ئاپىسى قىزغا ئەينى ۋاقىتتا ئوغلىنىڭ يېنىدىن تېپىلغان پۇل قاپچۇقى، سائەت، قانغا بويىلىپ كەتكەن يان تېلېفون قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى بېرىپتۇ. قىز پۇل قاپچۇقنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قان داغلىرى بىلەن نەملىشىپ كەتكەن رەسىمىنى كۆرۈپتۇ. يىگىتنىڭ سائىتىنى ئالغان ۋاقىتدا،

توساتتىن سائەت تىلىنىڭ 12 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە توختاپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ.

قىز شۇ ھامان ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. يىگىت ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى ئازغىنە مادارىنى يىغىپ قىزغا تېلېفون بەرگەن، بىراق قىز باتناپ ئالمىغان، يىگىتنىڭ ئىككىنچى قېتىم تېلېفون قىلغۇدەك ماجالى قالماي. ئاخىر قىزغا بولغان چەكسىز سۆيگۈ ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە كۆز يۇمغان. شۇنداق قىلىپ، قىز يىگىتنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە ئۆزىگە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمەپتۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئاشۇ يىگىت ئۆزىگە ئاتا قىلغان مۇھەببەتنى مەڭگۈ ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىپتۇ.

【تەسرات】

## كەيپىياتىڭىزنىڭ قۇلى بولماڭ

بۇ بىر پارچە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان ھېكايە. بىر يىگىتنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىدىن تەسىرلەنسەك، قىزنىڭ سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنىمىز. ئەمەلىيەتتە، بىز نۇرغۇن ۋاقىتتا نورمال كەيپىياتىمىزنىڭ ئاز-تولا تەۋرىنىپ قېلىشى بىلەن يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. مۇبادا ھېلىقى قىز ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى

تىرگىنلىيەلىگەن بولسا، يىگىتمۇ ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتمەيتتى. شۇڭا، بىز كەيپىياتىمىزنى تىزگىنلەشنى، كەيپىياتىمىزنىڭ خوجايىنى بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

كەيپىيات — ئادەمنىڭ مەلۇم بىر خىل ئىشتا بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدىغان يۈزەكى ھېسسىي تۇيغۇسىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ دائىم شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى ۋە ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغداش ھېسسىياتىدىن قوزغىلىدۇ، ئىشلارنى چوڭقۇر، مۇرەككەپ ۋە توغرا ئويلاشقا تەسىر يەتكۈزگەچكە، ئۆزى ۋە باشقىلارنى ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىدۇ (كىشىلەر دائىم ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ، ھېسسىيات ئەقىلنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ). كەيپىيات ھېسسىياتنىڭ ئەڭ يۈزەكى، ئەڭ يېنىك قىسمى، شۇڭا كەيپىياتقا تايىنىپ ئىش قىلغاندا، ئادەتتە ئاقىۋىتى ئويلىغىنىمىزدىكىدەك بولمايدۇ.

بىراق، بىز ئەمەلىي تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ھەمىشە كەيپىياتىمىز بويىچە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىمىز، كالىلىمىز قىزىپ قالغاندا، ھەتتا ئەخمىقانە ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويىمىز. ئەخمىقانە ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق كېلىپ چىقىدۇ. ئىيتايلى، ئانچىكى ئەرزىمەس بىر جۈملە سۆز سەۋەبىدىن، باشقىلار بىلەن ئاسانلا ئۇرۇشۇپ قالىمىز، ھەتتا ھاياتىمىزنىمۇ دوغا تىكىمىز (شائىر لېرمونتوف، پۇشكىنلارمۇ دەل شۇنداق ئىشلار

تۇپەيلى دۈئىلدا ئۆلۈپ كەتكەن)؛ يەنە ناھايىتى نۇرغۇن يەڭگىلتەكلىك، يۈزەكىلىك، پاراسەتسىزلىك سەۋەبىدىن خاتالىق سادىر قىلىمىز، كىچىك بولغاندا ئادەم ۋە ئىشلارنى خاتا چۈشىنىمىز، چوڭ بولغاندا بارلىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. كېيىن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرسەك، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلاردىن ساقلىنالايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى باسالماسلىق ۋە زىيادە ھاجايانلىنىش كەيپىياتىنىڭ ئادەمنىڭ ئەقىل- ئىدراكىنى بىخۇدلاشتۇرۇشىدىن بولغان. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بۇ خىل ئەھۋال ئىختىيارسىز يۈز بەرسىمۇ، بىراق تۇرلۇك كۆرەش، تالاش-تارتىش جەريانىدا كىشىلەر قەستەن «دەيدەيگە سېلىش ئۇسۇلى» نى قوللىنىپ، قارشى تەرەپنى قىلتاققا دەسسىتىدۇ. «دەيدەيگە سېلىش» — دەل سىزنى تېرىكتۈرۈپ، ئىدراكىڭىزنى يوقاتقۇزۇپ، خاتالىق سادىر قىلدۇرۇشتۇر. چۈنكى، ئادەم كەيپىياتى تىنچ، سوغۇققان ھالەتتە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەچكە، ناھايىتى ئاز خاتالىق سادىر قىلىدۇ.

يوقىرىدا ئېيتىلغان تۈرلۈك كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان قىلمىشنىڭ ھەممىسى نورمال پسىخىكا بىلەن ئۆزئارا زىت قىلمىش، كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشى — ساغلام پسىخىكا بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. پەقەت كەيپىياتىمىزنى تىزگىنلەپ، كەيپىياتىمىزنىڭ خوجايىنى بولالىساقلا، ساغلام پسىخىكىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

# ئالماس تاپىنىڭ ئاستىدا

بۇ ھىندىستاندا تارقىلىپ يۈرگەن دۆلەتمەن ئەلى خەمىت ھەققىدىكى ھېكايە.

بىر كۈنى بىر بوۋاي ئەلى خەمىتتىن ھال- ئەھۋال سورىغاچ ئۇنىڭغا:

— ئۆزلىرى باشمالتاقتەك چوڭلۇقتىكى ئالماسقا ئېرىشەلىسىلە يېقىن ئەتراپتىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالالايلا؛ ناۋادا ئالماس كانىغا ئېرىشەلىسىلە، ئوغۇللىرىنى شاھلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇشتا گەپ يوق،— دەپتۇ.

ئەلى خەمىتنىڭ كۆڭلىگە ئالماسقا بولغان ئىشتىياق چوڭقۇر ئورناپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھېچنېمىدىن قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىلا ھېلىقى بوۋاينى تېپىپ، بوۋايدىن قەيەردىن ئالماس ئىزدەپ تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتۈرەلمەپتۇ. ئاخىر بوۋاي:

— ناھايىتى ئېگىز تاغنىڭ ئىچىدىكى ئاق قۇملۇق دەريانى تېپىڭ، ناۋادا تاپالىسىڭىز دەريا قۇمىدا چوقۇم

ئالماس بار،ــ دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئەلى خەمىت بارلىق مال - بىساتىنى سېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئالماس ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. مېڭىپتۇ- مېڭىپتۇ، بىراق ئالماس كانىنى تاپالماپتۇ. ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىسپانىيىنىڭ ئۇ چېتىدىكى دېڭىزغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.
بىراق، بۇ ھېكايە بۇنىڭلىق بىلەن ئاياغلاشماپتۇ.
بىر كۈنى ئەلى خەمىتنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالغان ئادەم تۆگىسىنى يېتىلەپ، ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپتۇ ۋە تۆگىسىنى سۇغارماقچى بولۇپتۇ. ئارقا ھويلىدا بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن. تۆگە بېشىنى چۆكۈرۈپ غۇرتىلدىتىپ سۇ ئىچىۋاتقان ۋاقىتتا، ھېلىقى ئادەم سۇ ئاستىدىكى قۇم ئىچىدە پارقىراپ چاقناپ تۇرغان بىرنەرسىنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قاپتۇ-دە، ئۇنى كولاپ چىقىرىپ قارىسا، بىر پارچە پارقىراق تاش ئىكەن. ئۇ بۇ تاشنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ ۋە ئۇنى ئوچاق ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ.
خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بوۋاي بۇ ئائىلىدىكىلەردىن ھال سوراپ يەنە كەپتۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا ئوچاق بېشىدىكى ھېلىقى پارقىراق تاشنى كۆ-رۈپتۇ-دە، ئۆزىنى تۇتالماستىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھايا-جانلانغىنىدىن:
— ئالماس! ئەلى خەمىت قايتىپ كەپتۇ!...... — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ.
— ياق! ئەلى خەمىت تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. بۇ

تاشنى ئارقا هويلىدىكى ئۆستەڭدىن سۈزۈۋالدىم ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۇ ئۆينىڭ يېڭى خوجايىنى.

— يالغان! ئۆزلىرى مېنى ئالجىغان كۆرۈپ ئالداۋاتىلا، مەن بۇ ئۆيگە نەچچە قېتىم كىرگەن، بىراق ئالماس بايقىمىغان، بار بولغان بولسا كۆرۈپلا بىلىۋالالايتتىم. ئەكسىچە مەن هازىر بۇنىڭ ھەقىقىي ئالماس ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىم!— دەپ هاياجانلىنىپ سۆزلەپ كېتىپتۇ بوۋاي.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، هېلىقى ئۆستەڭنى قېزىپتۇ ۋە تۇنجى قېتىم بايقالغىنىدىنمۇ پارقىراق ئالماس سۈزۈۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە تېخىمۇ نۇرغۇن ئالماسلارنى قېزىپ چىقىرىپتۇ. ۋىكتورىيە ئايال پادىشاھىغا سوۋغا قىلىنغان هېلىقى ئېغىرلىقى 100 كارات كېلىدىغان ئېسىل ئالماسمۇ ئەسلىي شۇ يەردىن قېزىپ چىقىرىلغانىكەن.

【تەسرات】

## پۇرسەتنى تۇتۇش — زەپەر دەرۋازىسىنى ئېچىشتۇر

رېئاللىقتا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. ئارىمىزدا ئەلى خەمتكە ئوخشاش يېقىندىكىنى قويۇپ، يىراققا يۈگۈرىدىغان، كۆز ئالدىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىنى تاشلاپ، ئۆزىدىكى بار نەرسىلەرنى يىراقتىن

ئىزدەپ يۈرىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. ئەڭ ياخشى پۈرسەتلەر يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ تۇيماي، قولدىن بېرىپ قويىسىز. شۇڭا، بىز پۈرسەتنى تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

پۈرسەت — ئادەمنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدە مۇھىم بۇرۇلۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئىلىم- پەن تەتقىقاتىغا زور بايقاشلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. پۈرسەت خۇددى بايرام كۈنلىرىدە چاقنىغان ساليۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇنى زېرەكلىك بىلەن بايقىيالىغىنىڭىزدا، مۇۋاپىق ۋاقىت، ئورۇندا چاقناپ، ئەقىل- پاراسىتىڭىزنىڭ تۈمەنلىگەن نۇرلىرىنى چاقنىتالايدۇ. شۇڭا، بىز پۈرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە زەپەر دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان بۇ ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

بەزىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ تالانتىنى ئىشلىتىدىغان پۈرسەت يوقلۇقىدىن ئاھ ئۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار چۈشكۈنلەشكەن ياكى بولمىسا ئىقتىدارسىز. «ئىقتىدار» «پۈرسەت»نىڭ ھەل قىلغۇچ ئالدىنقى شەرتى. ئەمەلىي ئىقتىدارىمىز ۋە ئىرادىمىزنى سىناش ئارقىلىقلا ساپايىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يېتىشسىز ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر گاۋ شي ئۆز نەزمىسىدە « بۈرنۈگغا يېمىگۈچە يولۇۋگنى بىلمەيسەن) دەپ يازغان. باشقىلارنىڭ «ئامىتى»گە ھەۋەس قىلىپ، «تەلىيىم كاج» دەپ ئاھ ئۇرغىنىمىزدىن كۆرە، ئاۋۋال ئۆزىمىزدىن «تالانتىمنى جارى قىلدۇرىدىغان پۈرسەت»

بارمۇ ياكى يوقمۇ دەپ سورىغىنىمىز ئەۋزەل. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەقەت ئىقتىدارىڭىز بولسىلا، پۇرسەت ھامان تېپىلىدۇ. بىر يازغۇچى ئوبرازلىق قىلىپ پۇرسەتنى شوتىنىڭ ئىككى يان ياغىچىغا، ئادەمنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى شوتىنىڭ بالدىقىغا ئوخشىتىپ، پەقەت ھەر ئىككىسى تەڭلا ھازىرلانغاندا، مۇۋەپپەقىيەت شوتىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ياماشقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمەلىي كۈچ ۋە پۇرسەت ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاپلا قالماي، بەلكى پۇرسەتكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى — ئەمەلىي كۈچنى توپلايدۇ، شۇبھىسىزكى، بۇ ئەڭ ئاساسىي تاكتىكا.

بىر ئادەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتالىغاندىلا، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئىگىلىيەلىگەن بولىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىرادىلىك ئادەمگە يېڭىلىق يارىتىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى كۆپ، شۇنداقلا پۇرسەتنىڭ خېيىم-خەتىرىمۇ كۆپ. پۇرسەت توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا قەتئىيلىك بىلەن يولىمىزدىن قايتماي، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ پۇرسەتنى تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز: ۋۇجۇدىمىزدىن سۇسلۇق، يۆلىنىۋېلىش، ئاجىزلىق، جۈرئەتسىزلىك ئىللەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، دادىل يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. پۇرسەت مەڭگۈ تەييارلىقى بارلارغا ۋە پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلگۈچىلەرگە مەنسۇپ.

# «باتۇر» قۇش تۇخۇمى

بىر قۇش تۇخۇمى نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، تويۇقسىز چاتقاللىق ئۈستىدىكى قۇش ئۇۋىسىدىن چاتقاللىق ئاستىدىكى قويۇق غازاڭ ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ قۇش تۇخۇمى يېرىلىپ كەتمىگەن بولۇپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ساق ئىدى.

تۇخۇم كۆرەڭلەپ، ئۇۋىسىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ھاھ- ھا، مەن يەرگە چۈشۈپ كېتىپمۇ سۇنمىدىم، قېنى قايسىڭلاردا مەندەك قابىلىيەت بار، قايسىڭلار سىناپ باقىسىلەر؟— دەپتۇ.

ئۇۋىدىكى باشقا تۇخۇملار بۇنى ئاڭلاپ، بىر-بىرلەپ بېشىنى چىقىرىپ قاراپتۇ ھەمدە قورققىنىدىن بېشىنى تىقىۋېلىپ:

— بىز قورقىمىز، سەكرىيەلمەيمىز،— دەپتۇ.

— مەن بۇرۇنلا سىلەردە مۇنداق يۈرەكنىڭ يوقلۇقىنى قىياس قىلغان،— دەپتۇ يەردىكى تۇخۇم كىبىرلىك بىلەن ئۇۋىدىكى تۇخۇملارنى مەسخىرە قىلىپ.

بۇ قۇش تۇخۇمى يەردە ئۇياقتىن- بۇياققا دومىلاپ، بىردەمدىلا بىر تۈپ كىچىك ئوتقا سوقۇلۇپتۇ. كىچىك ئوت ئىنتىك ئۆزىنى رۇسلاپ ئارقىسىنى قىپتۇ؛ بىردەمدىن كېيىن قۇش تۇخۇمى يەنە دومىلاپ بىر تۈپ

كـۆچەتكە سـوقۇلۇپتۇ، كۆچەتمۇ ئـۆزىنى رۇسـلاپ قـۇش تۇخۇمىغا يول بېرىپتۇ.

قۇش تۇخۇمى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئالامەت كۈچلۈك، تەڭداشسىز چاغلاپ، تېخىمۇ بـاتۇرلۇق بىلەن تاغ باغرىدا دومىلاپ يۈرۈپتۇ.

باشقا قۇش تۇخۇملىرى نەسىھەت قىلىپ:

— ئاكا، سەن بايا تاسادىپىي پۈرسەت بىلەن چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كەتمىدىڭ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈڭنى تۆمۈر تۇخۇم دەپ قالمىغىن. سەن بەرىبىر قۇش تۇخۇمى! بۇ نۇقتىنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن، سەن داۋاملىق دومىلىـ-ـماقچىمۇ؟— دەپتۇ.

پەسـتىكى قـۇش تۇخـۇمى بۇرۇنقىـدەكلا قورسـىقىنى تىك تۇتۇپ، مەنمەدانلىق بىلەن:

— تۆمۈر تۇخۇم دېگەن نېمىتى؟ بايا كىچىك ئوت-چۆپ ۋە كۆچەتلەرنىڭ ماڭا يول بېرىشكىنىنى كۆرۈشمىـ-ـدىڭمۇ، قايسىسى ماڭا سوقۇلۇشقا جۈرئەت قىلالىدى؟ بۇ تاغ باغرىدا مەن سوقۇشالمايدىغان يەنە نېمە بار؟— دەپتۇ.

قۇش تۇخۇمى قاتتىق كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن سەكـ-ـرەپ، دومىلاپ، تاغ باغرىدىكى يوللاردا ھەيۋىسىنى كۆر-ستىپ قويۇشنى ئويلاپتۇ. كىممۇ تاغ باغرىدىكى يولدا كىچىككىنە بىر تاشنىڭ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇشنى ئويلىسۇن.

قۇش تۇخۇمى غەزەپ بىلەن كىچىك تاشقا قاراپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— سەن قانداق نەرسە؟ مەن قۇش تۇخۇمىنىڭ

يولىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالىغان؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟— دەپتۇ.

كىچىك تاش بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ھەي، بۈگۈن قۇياش غەربتىن چىقتىمۇ نېمە؟ بىر قۇش تۇخۇمى تۇرۇپ ماڭا ھەيۋە قىلىۋاتىسەنغۇ؟ مەن ساڭا دەپ قوياي، مەن تاغ باغرىدىكى لاي - لاتقىلارنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىشىنى توسۇۋاتقان كىچىك تاش بولىمەن، بۇ مېنىڭ ئورنۇم، مەن ھەرگىز كەينىمگە يانمايمەن، سەن قانداق قىلماقچى؟— دەپتۇ.

قۇش تۇخۇمى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كىچىك تاشقا:

— تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە؟ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ بۇ تاغ باغرىدا «باتۇر قۇش تۇخۇمى» دەپ نامىم بار. كىچىك ئوت- چۆپ ۋە كۆچەتلەرمۇ مېنىڭ يامانلىقىمدىن ساۋاق ئالغان، باشقىلار سەندىن قورققان بىلەن، مەن قورقمايمەن. ۋاقتى كەلگەندە مېنى رەھىم قىلمىدى دېمىگىن،— دەپتۇ.

كىچىك تاشنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— سەن مېنى نېمە قىلماقچى؟ يەنە ئۇرۇشماقچىمۇ؟ ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق بولۇپ قالمىسۇن ساڭا، تېز ئورنۇڭغا قايت!— دەپتۇ.

قۇش تۇخۇمى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، كىچىك تاشنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىماي غەيرەتكە كېلىپ، شىددەت بىلەن دومىلاپ، كىچىك تاشقا قاراپ ئېتىلىپتۇ. «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ

قۇش تۇخۇمى ئېزىلىپ، ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقى ئېقىپ چىقىپتۇ.
قوشنا تاغدىكى قۇشقاچ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئېچىنغان ھالدا:
— ھەي، بۇ بالا بەكلا تەتۈركەن، قانداقمۇ تاش بىلەن قاتتىقلىقتا بەسلەشكىلى بولسۇن. ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى، — دەپتۇ.

【تەسىرات】

## ئۆزىنى بىلگەن شەھەر سوراپتۇ

بىر ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك، ئەمما ئۆزىگە ئارتۇقچە ئىشىنىش ئۆز- ئۆزىگە يۇك بولۇپ قېلىپ، پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. كىچىك قۇش تۇخۇمى بىرقانچە قېتىم توسالغۇغا ئۇچرىمىغاندىن كېيىن. ئۆز نەتىجىسىدىن خۇش بولۇپ، كېرىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزماي، ئاقىۋەتتە قارىغۇلارچە چوڭچىلىق قىلىپ، تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكەن. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئورنىنى ئېنىق بىلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كىچىك تاشقا سوقۇلۇپ، ئاقىۋەتتە ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلغان.
بۇ خىل ئەھۋالدا ئەلۋەتتە ئۆزىگە ئۆزى بالا تاپىدۇ.

قۇش تۇخۇمىنىڭ ئاقسۇتى ھەربىر ئادەمگە ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئېنىق تونۇشنى ئەسكەرتىدۇ.
ئادەم ئۆزىنى بىلىش بىلەن ئەزىزدۇر. كەمتەرلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق كىشىنى پايدىسىز ئەھۋالدا قويمايدۇ.
ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە چوڭ چاغلاش ياكى ئىقتىدارىنى كۆز-كۆز قىلىش ئىنتايىن زىيانلىق.
«كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دېگەن جۈملە پانىي دۇنيا-دىكى ئەقەللىي قائىدىنى بىلدۈرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى باشقىلاردىن قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىشقا ئامراق بولۇپ، مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتسا چوقۇم باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا چوڭ زىيان تارتىدۇ.
شۇڭلاشقا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا چوقۇم كەمتەر، ئېھتىياتچان، مۇلايىم، رەھىمدىل، ئەدەپلىك، ئاددىي-ساددا، كەڭ قورساق بولۇش؛ كۆرسەتكەن خىزمىتىدىن ماختىنىپ، خالىغانچە جار سالماسلىق كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلالىغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ياخشى قوغداپ، ئۆزگىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشە-لەيسىز.



# بىر تال مىخ

پادىشاھ چارلېز III ۋە كېنەز ھېنرى بىر قېتىملىق ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە ئاتلانماقچى بولۇپتۇ، بۇ جەڭ كىمنىڭ ئەنگلىيەنى ئىدارە قىلىشىنى بەلگىلەيدىكەن.

جەڭ بولىدىغان شۇ كۈنى ئەتىگىنى چارلېز ئات باقارنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان جەڭ ئېتىنى تەييار-لاشقا ئەۋەتىپتۇ.

— تېزرەك ئۇنى تاقىلىۋەتسىڭىز، پادىشاھ ئۇنى مىنىپ جەڭ قىلماقچى، — دەپتۇ ئات باقار تۆمۈرچىگە.

— ساقلاپ تۇرۇڭ، بار تاقىدا بىرقانچە كۈن ئىلگىرى پادىشاھ قوشۇنىدىكى پۈتۈن ئاتلارنى تاقىلاپ بولغان، ھازىر ئازراق تۆمۈر تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ تۆمۈرچى.

— ساقلىيالمايمەن، — دەپتۇ ئات باقار تاقەتسىز-لىك بىلەن.

تۆمۈرچى باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، بىر پارچە تۆمۈردىن تۆت تاقا ياساپ ئاتنىڭ پۇتىغا مىخلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاتنىڭ ئۈچ پۇتىنى تاقىلاپ بولغاندىن كېيىن، قېپقالغان بىر پۇتىنى تاقىلاشقا مىخ قال-مىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

تۆمۈرچى مىخ ياساپ، ئاتنىڭ پۇتىنى تاقىلىماقچى

بولۇپتۇ، ئەمما ئات باقار ئالدىرىتىپ، ئاتنىڭ بىر پۇتى ياخشى تاقىلانماپتۇ.

ئىككى قوشۇن تۇتۇشۇپ قاپتۇ، پادىشاھ چارلىز قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، خەتەرلىك جايغا قاراپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشىغا قوماندانلىق قىپتۇ.

تۇيۇقسىز ئاتنىڭ ياخشى تاقىلانمىغان بىر پۇتىنىڭ تاقىسى ئاجراپ كېتىپ، جەڭ ئېتى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، چارلىزمۇ بىللە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

پادىشاھ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتماستىنلا، ئات ئۈركۈپ كېتىپتۇ. چارلىزنىڭ ئەسكەرلىرى بىر- بىرلەپ چېكىنىپ، ھېنرىنىڭ قوشۇنى ئۇنى قورشىۋاپتۇ.

ئۇ ھاۋادا شەمشىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— بىر ئات مېنىڭ جەڭدە مەغلۇپ بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى،— دەپ تووۋلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق گەپ تارقىلىپتۇ:

«بىر مىخ كەم بولسا، بىر تاقا يوقار؛
بىر تاقا كەم بولسا، بىر جەڭ ئېتى يوقار؛
بىر جەڭ ئېتى كەم بولسا، بىر مەيدان جەڭدە مەغلۇپ بولار؛
بىر مەيدان جەڭدە مەغلۇپ بولسا، بىر دۆلەتنى يوقىتار.»

【تەسرات】

## قىلدىن كەتسەك قىرىقتىن كېتەرسەن

بۇ ھېكايىدا ئەنگلىيە پادىشاھى چارلېز IIIنىڭ تەختنى قولدىن بېرىپ قويۇشىدەك تارىخي پاكىت بايان قىلىنغان. ئۇ 1485 ـ يىلى پېرسىپپولىس جەڭ مەيدانىدا مەغلۇپ بولغان. شېكىسپېرنىڭ «ئات، ئات، بىر ئات بىلەن بىر دۆلەت مەغلۇپ بولدى!» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزى جەڭنامە رىسالىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئېلىش بىلەن بىرگە، بىرگە كىچىككىنە بىپەرۋالىقمۇ شۇنچە چوڭ بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

چوڭ ئىشلاردا ئۇتۇق قازىنالايدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن ئاز. كىچىككىنە ئىشلارمۇ دەل جايىدا ئەمەلىيلەشمىسە، چوڭ ئىشتىن ئۇتۇق قازىنىش دېگەن قۇرۇق گەپ بولۇپ قالامدۇ؟

ئىنچىكە ھالقىلار غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدۇ، بۇ بىر قائىدە. مىڭ چاقىرىم قېلىنلىقتىكى توسمىنى چۈمۈلە ئۇۋىسىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئاغزىمىز ئاشقا تەگكۈچە، بېشىمىزنىڭ تاشقا تېگىشى دۈشمەنىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن، شارائىتنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئىنچىكە ھالقىلارغا ئېتىبار بەرمىگەنلىكىمىزدىندۇر.

بىر پارچە مۇكەممەل رەسىمنى سىزماق ئىنتايىن

تەس، چۈنكى رەسىمنىڭ ھەربىر ھالقىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولۇشى كېرەك؛ پەقەت بىر ھالقىسى ياخشى سىزىلمىسا، پۈتۈن بىر پارچە رەسىم ياخشى چىقمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە بىر كىچىك ھالقىمۇ سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

# ئەيمى پۇل تاپالمىدى

ئەيمى ئۇماققىنە قىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر يامان ئادىتى بولۇپ، ئىش قىلغاندا ۋاقىتنى تەييارلىق خىزمەتكە سەرپ قىلىۋېتىپ، دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلالمايتتى.

ئەيمى تۇرىدىغان كەنتتە سودۇن ئەپەندىنىڭ بىر مېۋە-چېۋە دۇكىنى بولۇپ، دۇكاندا شۇ جاينىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان بۆلجۈرگەن قاتارلىق مېۋىلەر سېتىلاتتى. بىر كۈنى سودۇن ئەپەندى نامرات ئەيمىدىن:

— سىز پۇل تېپىشنى خالامسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، مەن ئىنچىكە بىر جۈپ يېڭى ئاياغ سېتىۋېلىشنى ئويلىسامۇ، ئەمما ئۆيدىكىلەر ئېلىپ بېرەلمىدى،— دەپتۇ ئەيمى.

— بولىدۇ، گېرىن ئائىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدا-نىدا خېلى ياخشى ئۆسكەن قارا بۆلجۈرگەن بار، ئۇلار ھەممە كىشىنىڭ ئۈزۈشىگە يول قويىدۇ. سىز ئۇ يەرگە بېرىپ قارا بۆلجۈرگەننى ئۈزگەندىن كېيىن ماڭا سېتىپ بېرىڭ، 1 كىلوگىرامىغا 13 سېنت بېرىمەن،— دەپتۇ سودۇن ئەپەندى.

ئەيمى پۇل تېپىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىۋالغاندىن

كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ، بىر سىۋەتنى ئېلىپ، بۆلجۈرگەن ئۈزگىلى بېرىشقا تەييارلىق قىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىختىيارسىز 5 كىلوگىرام بۆلجۈرگەن ئۈزسە نەچچە پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ بېقىشنى ئويلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قەلەم ۋە بىر پارچە تاختاي ئېلىپ، ھېسابلاپ 65 سېنت چىقىرىپتۇ.

«ئەگەر 12 كىلوگىرام بۆلجۈرگەن ئۈزسەم قانچە پۇل بولىدىغاندۇ؟» دەپ ھېسابلاپ بېقىپتۇ. «ۋاي ۋۇي، مەن 1 دوللار 56 سېنت تاپالايدىكەنمەن» دەپ خۇشال بولۇپتۇ.

ئەيمى يەنە مۇبادا 50، 100، 200 كىلوگىرام بۆلجۈرگەن ئۈزسەم، سودۇن ئەپەندى ماڭا نەچچە پۇل بېرىدۇ، دېگەنلەرنى ھېسابلىغۇچە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەقەت چۈشتىن كېيىنلا بۆلجۈرگەن ئۈزۈشكە بارماقچى بولۇپتۇ.

ئەيمى چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپلا، قولىغا سىۋەتنى ئېلىپ چارۋىچىلىق مەيدانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمما، نۇرغۇن باللار چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇنلا بۇ يەرگە بېرىپ، بۆلجۈرگەننىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى ئۈزۈپ بولغانىكەن. بىچارە ئەيمى ئاخىرىدا ئاران دېگەندە 1 كىلوگىرام بۆلجۈرگەن ئۈزۈپتۇ.

ئۆيگە قايتىش يولىدا ئەيمى مۇئەللىمى دائىم دەيدىغان: «ئىش قىلغاندا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇر

قول سېلىش، ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا ئويلاش كېرەك. چۈنكى، بىر ئەمەلىي ئىش قىلغۇچى يۇز خىيالپەرەسنى يېڭەلەيدۇ» دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ قاپتۇ.

【تەسىرات】

## ئۇتتۇق ھەرىكەتتە

ئەيمىنىڭ پۇل تاپالماسلىقىدىكى سەۋەب ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، ۋاقىتنى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە سەرپ قىلىۋەتكەنلىكىدە. ئۇنىڭ بىر خىل يامان ئادىتى بولۇپ، كۆپ ئويلىنىدۇ، ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ.

ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى بېنجىمىن دىسرۇيلى: «گەرچە ھەرىكەتنىڭ كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلەلىشىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرىكەت ئېلىپ بارمىغاندا ھەمنۇن بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دېگەندەك، ئۇتتۇق قازىنىشنى ئويلايدىكەنسىز، چوقۇم ئالدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىشىڭىز كېرەك.

بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى شۇ ئادەمنىڭ پوزىتسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەرىكەت غەلىبە ۋە ئۇتتۇق تۇيغۇسىنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا خۇشاللىقمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، كىشى قېتىرقىنىپ ئىشلەشتىن ئۆزىگە قانائەت

ۋە خۇشاللىق تاپىدۇ. ئەگەر سىز خۇشاللىق ئىزدى-مەكچى، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرماقچى، ئۇتۇق قازانماقچى بولسىڭىز، چوقۇم ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئالغا ئىنتىلىشىڭىز كېرەك.

ھەر كۈنى قانچىلىك كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە ئېرىشكەن يېڭى ئوي- پىكىرلىرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ خىل ئوي- پىكىرلەر يەنە قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى قىينايدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىجادىي ئويىڭىزنى ھەقىقىي ئىشلىتىپ، قىممىتىنى تونۇتۇڭ، ئىجادىي ئويىڭىز مەيلى قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقىي ھەرىكەتكە كەلگىلى بولمايدىغانلىرىدىن ۋاز كېچىڭ، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەڭگۈ ئۇتۇققا ئېرىشەلمەيسىز.

دۇنيادا ئەڭ پاجىئەلىك مۇنداق بىر گەپ بار: «مەن شۇ چاغلاردا شۇنداق قىلسام بوپتىكەن، لېكىن شۇنداق قىلالمىدىم». يەنە دائىم باشقىلارنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: «ئەگەر مەن شۇ يىلى ئاشۇ تىجارەتنى قىلغان بولسام، بۇرۇنلا باي بولۇپ كېتەتتىم!».

ئەمما، بىر توغرا بولغان ئىجادىي ئوينىڭ قورساقتىلا تۇنجۇقۇپ قېلىشى راستتىنلا ئادەمنى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك قىلىۋېتىدۇ، ئۇنى مەڭگۈ

ئۇنتيالمايمىز. ئەگەر ئۇنى ئۆزۈل-كېسىل يولغا قويالىساق، ئەلۋەتتە يەنىلا شادلىققا ئېرىشەلەيمىز.

كاللىڭىزدا ھازىر بىر ئىجادىي ئوي-پىكىر بارمۇ؟ ئەگەر بولسا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىڭ.

سىز چوقۇم كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر نىشانىنى بېكىتىۋېلىڭ. ئەگەر سىز تېزدىن ھەرىكەتكە كەلمىسىڭىز، سىز مۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالىسىز: بىر ئادەم ئىزچىل بېيجىڭغا ساياھەتكە بېرىشنى ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ساياھەت پىلانىنى تۈزۈپتۇ. ئۇ بىرقانچە ئاي سەرپ قىلىپ، بېيجىڭنىڭ سەنئەت، تارىخ، پەلسەپە، مەدەنىيەتكە دائىر ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ بېيجىڭنىڭ خەرىتىسىنى تەتقىق قىپتۇ، ئايروپىلان بېلىتى زاكاس قىپتۇ ھەمدە تەپسىلىي كۈن تەرتىپ تۈزۈپتۇ. ئۇ كۆزدىن كەچۈرىدىغان ھەربىر نۇقتىنى بەلگە قىپتۇ، ھەربىر سائەت ۋاقتىنىڭ بارىدىغان جايىنى بېكىتىپتۇ.

بىر دوستى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھەتنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپ:

— بېيجىڭ قانداقكەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭچە بېيجىڭ يامان ئەمەس، ئەمما مەن بارمىغان، دەپتۇ ئۇ كىشى.

دوستى ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— نېمە! سىز شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەييارلىق قىلغان تۇرسىڭىز، نېمە ئىش چىقىپ قالدى؟—

دەپتۇ.

— مەن ساياھەت پىلانى تۈزۈشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن، شۇڭلاشقا ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھېچ يەرگە بارمىدىم،— دەپتۇ ئۇ كىشى.

شۇنداق، ئادەمدە ھەرىكەت بولمىسا، خۇددى كۇندۈزى چۈش كۆرگەندەك ئىش بولىدۇ.



# ئوت ۋە ئوتۇن

كىچىككىنە بىر كاللەك كۆمۈر ئىسسىق كۈل ئىچىدە بىلىنەر- بىلىنمەس قىزغۇچ نۇر چاچماقتا ئىدى. ئۇ كۈل ئىچىدە جىمجىت ئۆچۈشنى خالىمىدىمۇ- قانداق، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈلنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كىرىپ، جىسمىدىكى ئېنېرگىيىنى قويۇپ بېرىشنى ئازايتماقتا ئىدى.

تاماق ۋاقتىدا كىشىلەر ئازراق قۇرۇق شاخ ۋە تۇتۇرۇقنى بارا- بارا سوۋۇپ كېتىۋاتقان مەش ئىچىگە سالدى.

سەرەڭگە بىرلا سۈركىلىپ، مەش ئىچىدىكى قۇرۇق ئوتۇن دۆۋىسىدىكى تۇتۇرۇققا ئوت تۇتاشتۇرۇلدى، ئۆچۈپ قالاي دېگەن كىچىك كاللەك كۆمۈر يەنە كۆيۈشكە باشلىدى.

مەش ئىچىگە خېلى كۆپ قۇرۇق ئوتۇن سېلىنـ- غاچقا، ئوت بۇ قېتىم بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، تۇرۇپ قالغان ھاۋانى مەشنىڭ ئىچىدىن ئاستا- ئاستا ھەيدەپ چىقاردى. ئوت شوخلۇق بىلەن توختىماستىن ئوتۇن بىلەن ئوينىشاتتى، ئۇ كەپسىزلىك بىلەن يۇقىرى- تۆۋەن سەكرەپ تېخىمۇ كۈچەپ كۆيمەكتە ئىدى.

ئوت يالقۇنى ئوتۇننى كۈچەپ كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن كىچىك-كىچىك ئوت پارچىلىرىنى پەيدا قىلاتتى. ئاشخانا ئىچىدىكى كۆلەڭگىسى مىدىرلاپ ئۇسسۇل ئويناپ، يەر يۈزىدە توختىماستىن ئۇياقتىن-بۇياققا ئايلىنىپ يۈرەتتى. كەپسىز ئوت خۇشاللىقىدىن گۈركىرەپ ئاۋاز چىقىرىپ، جىمجىت، سوغۇق ئاشخانىنى بىردىنلا ھەم يورۇق، ھەم ئىللىق جايغا ئايلاندۇردى.

ئوت ئوتۇننىڭ ئۆزىنىڭ قوماندانلىقى ۋە باشقۇرۇشىغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، خورىكى ئۆسۈپ، مەشنىڭ ئىچىنى كىچىك، قىستاڭچىلىق دەپ ئۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمىدى. مەشمۇ بۇنداق «كارامەت ئىگىسى» نى سىغدۇرالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئوت ھەيۋە بىلەن چاراسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىچىك ئوت پارچىلىرىنى مەشنىڭ تۆت تېمىغا قاتتىق ئۇردى، ئۇ مەش تېمىدىن بۆسۈپ چىقىپ، سىرتلاردا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى كۆز-كۆز قىلىشنى ئويلايتتى. ئوت ئۇياق- بۇياققا ئۇرۇلۇپ، تەستە بىر يوچۇقنى تېپىۋېلىپ، خۇشاللىقىدىن سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى.

ئاقىۋەتتە ئويلىغىنىمىزدەك كۈچلۈك ئوت ئىسقا ئايلىنىپ ئىز- دېرەكسىز يوقىدى. بىچارە ئوت ئوتۇننىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ يېتەلمىگەنىدى.

【تەسرات】

## تېرە بولمىسا، تۈك نەدە ئۈسىدۇ

ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقانلار ۋە «تېرە بولمىسا، تۈك نەدە ئۈسىدۇ» دېگەن قائىدىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئاقىۋەتتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ مۇشۇ مەسەل بىزگە ئۇقتۇرماقچى بولغان قائىدە.

مەشتىكى ئوت ئوتۇنىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كۆيىدۇ، ئەمما ئۇ خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئوتۇندىن ئايرىلىپ مەشتىن ئېتىلىپ چىقىپ، سىرتلاردا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلماقچى بولىدۇ. ئاقىۋەتتە مەش ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقالىسىمۇ، ناھايىتى تېزلا ئۆچۈپ ئىسقا ئايلىنىپ غايىب بولىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا بۇ مەسەلدە دېيىلگەن ئوتقا ئوخشاپ كېتىدىغان شەخسلەرنى تېپىش ئانچە تەس ئەمەس، ئۇلار كوللېكتىپنىڭ كۈچى بىلەن بەزى تەرەپلەردە بەلگىلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئەمما نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتا ھالدا ئۆزىنىڭ ئەمگىكى دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بەزىلەر باشقا خىزمەتداشلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، دوستانە ئۆتۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغ شەخسكە ئايلىنىدۇ؛ بەزىلەر ھاپىلا - شاپىلا ئەسلىي ئورنىدىن ئايرىلىپ، يېڭى ئورۇنغا بېرىپ ئۆزىنىڭ

قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشنى ئويلايدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئوچاققا ئوخشاش مۇستەقىل، ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولغان هالدا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئەمما، رېئال تۇرمۇشتا ھەمىشە ئىشلار بىلەن ئارزۇ ئۆزئارا زىت كېلىپ قېلىپ پۇشايماندا قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز مۇستەقىل كۈرەش قىلىش روھىغا قارشى تۇرماقچى ئەمەسمىز. ئەمما، سىز كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن مەلۇم خىل كەسپىي نەتىجىنى ئورتاق ياراتقان ياكى مەلۇم بىر تەرەپتە ئۇتۇق قازانغان ۋاقتىڭىزدا، ھەرگىز مەغرۇرلىنىپ ئۆزىڭىزنى چوڭ چاغلاپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشلارنى قىلماڭ، شۇنداقلا كوللېكتىپنىڭ ئەمگىكىنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋالماڭ. كۈچلۈك ئوت سان- ساناقسىز ئوت پارچىلىرىدىن شەكىللىنىدۇ. گەرچە ھەربىر ئوت پارچىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئەجرى (كۈچى) بولسىمۇ، ئوت توپىنىڭ كۈچى زور بولىدۇ، ئەمما ئوت توپىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق بىر ئوت پارچىسى كۈچلۈك يالقۇن بولالمايدۇ.

ئادەم يەككە- يېگانە ياشىيالمايدۇ، ئۇ جەمئىيەتكە موھتاج.



# ۋۇ لىجىنىڭ كەكلىك تۇتۇشى

مۇنداق بىر ھېكايە بار. ۋۇ لىجى بالىلىق ۋاقتىدا دوستلىرى بىلەن كەكلىك تۇتقىلى ئورمانلىققا بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ قېتىم باسماق قۇرۇپ تۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ، يەنى بىر تال تاياقچىنى ئاچا قىلىپ، سېۋەتنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئىنچىكە ئۇزۇن يىپ بىلەن تاياقنىڭ بىر ئۇچىنى چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزلىرى تۇتۇپتۇ، سېۋەت ئاستىغا دان چېچىپ قويغاندىن كېيىن، يىپنىڭ كۆرۈنۈپ قالغان يېرىنى ئۆت- چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى دالدا يەرگە مۆكۈۋېلىشىپتۇ. كەكلىكلەر ئۇچۇپ كېلىپ دان يېيىش ئۈچۈن سېۋەت ئاستىغا كىر- گەندە، يىپنى تارتىپ، ئۇلارنى باسماققا چۈشۈرۈپ تۇتۇ- ۋالماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار يوشۇرۇنغان يەردە كەكلىكلەرنىڭ ھەرىكى- تىنى كۆزىتىپ تۇرۇشۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بىر توپ كەكلىك ئۇچۇپ كەپتۇ، ئۇلارنى ساناپ باقسا 11 ئىكەن. كەكلىكلەر دانلاپ يۈرۈپ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي سەككىزى سېۋەت ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. بىر دوستى ۋۇ لىجىغا يىپنى تارتىشنى ئېيتىپتۇ. بىراق، ۋۇ لىجى ئارىسالدى بولۇپ:

— يەنە بىردەم ساقلايلى، شۇنداق بولغاندا ئىشەنچلىكرەك بولىدۇ،— دەپتۇ.

ئۇلار بىردەم ساقلاپ تۇرۇپتۇ، قىپقالغان ئۈچ كەكلىك سىۋەت ئاستىغا كىرمەكتە يوق، ئەكسىچە سىۋەت ئاستىدىن تۆتى چىقىپ كېتىپتۇ. ۋۇ لىجىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا يىپنى تارتىشنى ئېيتسا، ۋۇ لىجى يەنە بىرى سىۋەت ئاستىغا كىرگەندىن كېيىن تارتايلى دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بىراق، سىۋەت ئاستىدىن يەنە ئىككىسى چىقىپ كېتىپتۇ. ئەگەر دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يىپنى تارتسا، بىرنى بولسىمۇ ئارتۇق تۇتۇۋا-لاتتىكەن، ئەمما ۋۇ لىجى قىپقالغان ئاخىرقى بىر كەكلىك-نىمۇ تۇتۇۋالالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئارىسالدى بوپقاپتۇ. بەختكە قارشى، ئەڭ ئاخىرقى كەكلىكمۇ قانداقتۇر بىر خەۋپنى ھېس قىلغاندەك سىۋەت ئاستىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋۇ لىجى شۇ قېتىم بىرمۇ كەكلىك تۇتالماپتۇ.

【تەسرات】

## كەسكىن بولغاندىلا غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ

ۋۇ لىجى بۇ ساۋاقتىن ئەزمىلىك قىلسا پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قائىدىنى يەكۈنلىشى كېرەك. ئارىسالدى بولغان ئادەم پۇرسەت ئالدىدا جۈرئەتلىك بولمايدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ،

ئۇنىداقلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مەنىسىزلىككە مەھكۇم بولىدۇ.

غالىب ئادەم ناھايىتى تېزلىكتە قارار چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە لەۋزىدە تۇرىدۇ. گېپىدىن يېنىۋېلىپ يۈرمەيدۇ؛ مەغلۇبىيەتچى ئادەم قارار چىقىرىشتا سۆرەلمىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە لەۋزىدە تۇرمايدۇ.

ئادەم ھەرقانداق ئىشتا كەسكىن بولۇشى كېرەك. بارلىق مەغلۇبىيەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۆرەلمىلىك قىلىش، بىر قارارغا كېلەلمەسلىك، تەشۋىشلىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش قارىماققا ئۇڭاي، بىراق ۋۇجۇدقا چىقارماق مۈشكۈل. ئەتراپلىق ئويلىنىشتىن بۇرۇنقى ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىكنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىراق ئوبدان ئويلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئىككىلىنىش — بۇ مەغلۇپ بولۇشتىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب. شۇنچە ئويلاپ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمىسىڭىز، ئۇنداقتا شەك - شۈبھىسىز ئۇتتۇرغان بولىسىز.

ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ھەرقانداق ئىككى-لىنىش، تەۋرىنىش، قىلچە مۇستەقىل قارىشى بولماس-لىق، قورقۇنچاق، جۈرئەتسىزلىكنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئەقىل-پاراسەت، ئىقتىدارىڭىزنى تامامەن يوقىتىپ تاشلايدۇ. ئەكسىچە ئىرادىلىك، قەيسەر ئادەملەرگە نىسبەتەن، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، ئۆزگۈشسىزلىقنىڭ

ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەيدانى، قارارنى ئازراقمۇ ئۆزگەر-تەلمەيدۇ، ئەگەر بىر قەيسەر ئادەم يېگانە تۆگىنقۇش بوپقالغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى يالغۇز قۇملۇقلاردا تەنھا چىپىپ يۈرەلەيدۇ. ھەرقانداق بوران-چاپقۇن سوقسىمۇ، ئۇ پەقەت قىسقا مەزگىللىك قىينىچىلىق، بىر تۈرلۈك چېنىقىش دەپ بىلىپ، كۆرەش قاينىمى ئىچىدە ھا-ياتلىق پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. ئۇنى ھەرقانداق مەسخىرى-لەرمۇ زەررىچە تەۋرىتەلمەيدۇ.

ئارسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك ھە-رىكىتىمىزنى ئارقىغا سۈرەپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىزنى ھېچنېمە قىلالماس، غەلىبىدىن ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويىدۇ، نەتىجىسى پەقەت ئۈمىدسىزلىنىپ ئاھ ئۇرۇش بولىدۇ، خالاس.

پۇرسەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۇنۇمى سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماس-تىن، بەلكى يەنە سۇبيېكتىپ شارائىت بەكرەك مۇھىم. دەل ۋاقتىدا كەسكىن تەدبىر قوللىنالايدىغان، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە، ناھايىتى كەسكىن بىر ئادەم چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ھەرگىز كۆڭلىنى پاراكەندە قىلمايدۇ، سەپتىن چۈشۈپ قالمايدۇ، ھەرقانداق ئىش ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر كۈچلۈك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، ھاياتىدا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولىدۇ، ئۇچۇق-ئاشكارا قارار چىقىرىدۇ، ھامان مۇۋەپپەقىيەت

قازىنالايدۇ. ئۇلار ھەمىشە دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ، ئىشنى ئاخىرىغىچە ئۈزۈل - كېسىل قىلىدۇ. ئۆز تەقدىرىنى چىڭ تۇتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ناھايىتى زور ئىشەنچ بىلەن شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ.

ئەگەر سىز پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بايقىيالىسىڭىز، ئۇنداقتا ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ، دەرھال ھەرىكەتلىنىڭ، چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا چىڭ تۇتۇڭ، كەسكىن بولۇشقا توغرا كەلسە كەسكىن بولۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز غەلىبە چوقۇم سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.



# تەجرىبىلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەڭ

بىر دوكتور بىر تەتقىقات مەركىزىگە تەقسىملىنىپ، بۇ تەتقىقات مەركىزىدىكى ئوقۇش تارىخى ئەڭ يۇقىرى بىردىنبىر كىشى بوپقاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ خىزمەت ئورنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بېلىق كۆلچىكىگە بېلىق تۇتۇشقا بېرىپتۇ، شۇ پەيتتە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇپتۇ.

دوكتور ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ ئۆزىدىن ئاز-لىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇ-چىلىكى يوق دەپ قاراپ، پەقەت يېنىككىنە باش لىڭشىتىپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باش مۇدىر قارماقنى قويۇپتۇ-دە، بىر كېرىلىۋېتىپ، پۇتىنى سىپىغىنىچە سۇدا ئۇچقاندەك مېڭىپ ئۇدۇلدىكى ھاجەتخانىغا ئۆتۈپتۇ.

دوكتورنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، مۇدىرنىڭ بۇ كىچىككىنە كۆلچەكتىن شۇنچە تېز ئۆتكەنلىكىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ.

باش مۇدىر ھاجەتخانىدىن قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىتتا ئوخشاشلا سۇدا ئۇچقاندەك مېڭىپ قايتىپ

كەپتۇ. بۇ قانداق ئىش؟ دوكتور ئۆزىنى يەنىلا دوكتور چاغلاپ سوراپ بېقىشنى خالىماپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن مۇئاۋىن مۇدىرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، نەچچە قەدەم مېڭىپلا، سۇدىن ئۆتۈپ هاجاتخانىغا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دوكتور: «ئۇستا جاهانكەشتىلەر توپلاشقان جايغا كېپقالدىممۇ نېمە؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ-دە، هوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

دوكتور تولىمۇ سىقىلىپ، هاجەتكە بارماقچى بولۇپتۇ. كۆلچەكنىڭ ئىككى تەرىپىدە قورشاۋ تام، ئۇدۇلدىكى هاجەتخانا 10 مىنۇتلۇق يول، ئارقىغا قايتىپ تەتقىقات مەركىزىگە بارسا يول خېلىلا يىراق، قانداق قىلىش كېرەك؟

دوكتور بۇ ئىككى مۇدىردىن سۇدىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى سوراشنى خالىماي، خېلى ئۇزاق تىت-تىت بولغاندىن كېيىن، «مەن بىر دوكتور تۇرۇقلۇق ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىككىسى ئۆتكەن سۇدىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ سۇغا كىرمەكچى بولۇپتۇ.

دوكتور «چولتۇك!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، سۇغا موللاق ئېتىپتۇ.

ئىككى مۇدىر دەرهال يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ-دە، ئۇنىڭ نېمىشقا سۇغا چۈشكەنلىكىنى سوراپتۇ. «سىلەر قانداق قىلىپ ئۆتتۈڭلار» ياندۇرۇپ سوراپتۇ دوكتور.

ئىككى مۇدىر بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىپ، «بۇ كۆلچەكنىڭ ئىچىدە ئىككى رەت ياغاچ قوزۇق بار ئىدى، ئىككى كۈندىن بېرى ياغقان يامغۇر سۈيى كۆلچەككە توشۇپ كەتتى. بىز بۇ قوزۇقلارنىڭ ئورنىنى بىلگەچكە، ئۈستىگە دەسسەپ ئۆتتۇق، سەن نېمشقا بىزدىن سورىمىدىڭ؟» دەپتۇ.

【تەسرات】

## بىلىمنىڭ چېكى يوق

ئوقۇش تارىخى ئۆتمۈشكە، ئىقتىدار ئىگىلەش كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىزچىل ئۆگىنىپ، كەمتەرلىك بىلەن مەسلىھەت سوراش يولىڭىزدىكى ئەگرى- توقايلىقلارنى ئازايتىدۇ؛ ئۆزىڭىزنى چوڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگەنمەي، ئۆزىڭىزگە تەمەننا قويسىڭىز دوكتورغا ئوخشاش دۆم چۈشۈشىڭىز مۇمكىن.

ئاينىڭ يۈزىدە داغ بولغىنىغا ئوخشاش، نۇقسانسىز ئادەممۇ بولمايدۇ. «هايات چەكلىك، بىلىم چەكسىز». مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

بىرى ئېيىنىشتېيىندىن:

— سىزنىڭ فىزىكا ساھەسىدە ئالدىڭىزغا ئۆتۈپ كېتەلىگۈدەك ئادەم يوق تۇرۇپ، ياشىنىپ قالغىنىڭىزدىمۇ يەنە ئىجتىهات بىلەن ئۆگىنىشىڭىزنىڭ نېمە هاجىتى؟ ئەركىن- ئازادە راھەتلىنىپ دەم ئالسىڭىز بولمامدۇ؟—

دەپ سوراپتۇ. ئېينىشتېين ئۇ كىشىگە دەرھاللا جاۋاب بەرمەپتۇ، لېكىن بىر دانە قەلەم، بىر ۋاراق قەغەز ئەكېلىپ، قەغەز ئۈستىگە چوڭ چەمبەردىن بىرنى، كىچىك چەمبەردىن بىرنى سىزىپتۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە:

— مەن ئۆگەنمەكچى بولغان بىلىم مۇشۇ چوڭ چەمبەر. ھالبۇكى ئۇمۇمىي فىزىكا ئىلمى چەكسىزدۇر. كىچىك چەمبەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنىڭ مەلۇم ساھە بىلەن ئۇچرىشىش يۈزى كىچىك بولىدۇ. ئەكسىچە چوڭ چەمبەرنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچرى-شىش يۈزى بۇ كىچىك چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىدىن ناھايىتىمۇ چوڭ. مەن بىلمەيدىغان نەرسىلىرىمنى بەك كۆپتەك ھېس قىلىمەن، شۇڭا تېخىمۇ تىرىشىپ تەتقىق قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نېمىدېگەن ياخشى سېلىشتۇرۇش، نېمىدېگەن چوڭقۇر ئىزاھلاش بۇ-ھە!

شۇڭا، ھەربىر ئادەم ئۆزىدە كەمتەرلىك، كەڭ قورساقلىق، ئېھتىياتچانلىق، شۇنداقلا مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىشتەك روھنى يېتىلدۈرۈشى؛ چەكلىك ھاياتىنى تېخىمۇ كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا سەرپ قىلىشى لازىم.



# ۋاقىت بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قاپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا ئافرىقىدا ۋاقىت ئىسىملىك بىر دۆلەتمەن بولغانىكەن. ئۇنىڭ سان- ساناقسىز جان- جانىۋارلىرى، توپ-توپ چارۋىلىرى، كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىقى، ساندۇق- ساندۇقلاردا قىممەتلىك جاۋا- ھىراتلىرى، تاغار-تاغارلاپ ئاشلىقى بار ئىكەن.

دۆلەتمەن ۋاقىت ناھايىتى باي بولغانلىقى ئۈچۈن، كەمبەغەللەرگە دائىم قوي، كالا، كىيىم- كېچەكلەرنى سەدىقە قىلىپ تۇرىكەن. شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئۇنى «دۇنيادىكى ئەڭ سېخىي ئادەم، دۆلەتمەن ۋاقىتنى كۆر- مىگەنلىك ياشىمىغانلىق بىلەن باراۋەر» دېيىشىدىكەن.

دۆلەتمەن ۋاقىتنىڭ نامى باشقا ئەلگىمۇ پۇر كېتىپ- تۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەردىن سودىگەرلەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار بىلەن يەنە رەققاس، سازەندە، قىزىقچىلارمۇ بىللە كەپتۇ. ئەلچىلەر ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ھەقتە يۇرتىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، بىر دۆلەت دۆلەتمەن ۋاقىت بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولۇپتۇ. ئەلچىلەر يولغا چىقىش ئالدىدا، بۇ دۆلەتتىكى كىشىلەر ئۇلارغا «سىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئاڭلاشلار-

دىكىدەك ئاشۇنداق باي، سېخىيلىقىنى بىلىپ كېلىڭلار»
دەپتۇ.
ئەلچىلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىر دۆلەتمەن ۋاقىت تۇرۇۋاتقان دۆلەتكە كېلىپ، شەھەر سىرتىدا كىيىملىرى يىرتىلىپ تىتىلىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بىر قېرى بوۋاينى يولۇقتۇرۇپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە دۆلەتمەن ۋاقىت دېگەن ئادەمنىڭ بار- يوقلۇقىنى سوراپتۇ.
بوۋاي ئىككىلەنگەن هالدا:
— بار، شەھەرگە كىرىپ سورىساڭلار، كىشىلەر سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
ئەلچىلەر شەھەرگە كىرىپ، شەھەر پۇقرالىرىغا سالام بېرىپتۇ ھەمدە:
— بىز دۆلەتمەن ۋاقىتنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندۇق. بىز ئۇ ئالىيجاناب ئادەمنى كۆرۈپ قايتقاندىن كېيىن، قېرىنداشلارغا ئەھۋالنى يەتكۈزمەكچىمىز،— دەپتۇ.
ئەلچىلەر دەل مۇشۇ گەپنى دەۋاتقاندا، قەلەندەر سىياقىدىكى بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاستا كەپتۇ. كىشىلەر:
— بۇ ئادەم دەل سىلەر ئىزدەۋاتقان دۆلەتمەن ۋاقىت بولىدۇ،— دەپتۇ.
ئەلچىلەر ھەم ئورۇق، ھەم قېرى، ھەم جۇلدۇر كىيىنگەن بۇ قەلەندەر سىياقىدىكى ئادەمگە قاراپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاپتۇ-دە:

— سىز دۆلەتمەن ۋاقتمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
— شۇنداق، مەن ۋاقت، هازىر بەختسىز ئادەمگە، دۇنيادىكى ئەڭ كەمبەغەل ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم...... — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۆلەتمەن ۋاقت.

ئەلچىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ:
— شۇنداق، هايات دېگەن مۇشۇنداق. بىراق، بىز قايتقاندىن كېيىن، يۇرتداشلارغا نېمە دەيمىز؟...... — دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ.

ۋاقت بىرهازا ئويلانغاندىن كېيىن:
— سىلەر قايتىپ يۇرتداشلىرىڭلارغا «ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ۋاقت ئاللىقاچان بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بوپ قاپتۇ» دەڭلار.— دەپتۇ.

**【تەسرات】**

## ۋاقتنى قەدىرلەڭ

سىز بۇ هېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن چوقۇم بىر پەس توختاپ، هېكايىنىڭ مەنىسى هەققىدە پىكىر يۈرگۈزىسىز. ئەپسۇس، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ۋاقت دەل سىز توختىغان شۇ دەقىقىدە ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

مۇنداق بىر هېكايىنى ئاڭلىغىنىم هېلىمۇ ئېسىمدە. سۇلايمان شاھ بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر خىزىر ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەقىل-پاراستى

مۇجەسسەملەنگەن بىر جۈملە سۆز قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنى خۇشال بولغاندىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقنى، ئازابلانغان ۋاقىتدا ئۆزىگە تەسەللى تېپىپ، باشتىن-ئاخىر تىرىشچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىشنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ سۆزنى ئەسلىيەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ئەقىللىق ۋەزىرلىرىدىن بىرقانچىنى چاقىرىپ، بىر دانە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى چىقىرىپ، ئۇلارغا كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئاشۇ سۆزنى تېپىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ ھەمدە «ئەگەر بۇ سۆزنى تېپىپ چىقالىسا، ئۇ سۆزنى ئۈزۈك ئۈستىگە ئويۇپ چىقىشنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئۈزۈكنى داۋاملىق تاقىۋالىدىغانلىقى»نى ئېيتىپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ئۈزۈكنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە «بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن ئاددىي بىر جۈملە سۆز ئويۇلغانىكەن.

بۇ ھېكايىدا سۆزلەنگىنىمۇ يەنىلا ۋاقىت. ۋاقىت دەل مۇشۇنداق كۆز ئالدىمىزدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كېتىپ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمىزدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرگە نىسبەتەن ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيمىز، بىراق يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ۋاقىتنىڭ قىممىتىگە بولغان كۆز قارىشىمىز چوڭقۇرلاپ بارىدۇ.

ۋاقىت ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، چۈشەنگەن ئادەم ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ، چۈشىنىش ئۇنىڭ قىممىتى.

لېكىن، ۋاقتىمىز مول ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەي قالىمىز، ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقتىمىزدا ئارتۇقچە ۋاقتىمىزنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بەزىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئۆتكۈزىدۇ، بەزىلەر زايە قىلىۋېتىدۇ. ۋاقىتقا بىپەرۋالىق قىلىش ئەڭ زور ئىسراپچىلىق. ۋاقىت كىشىلىك ھاياتتىكى قايتماس ئۇق، يارسا كەلمەس يول. بىز ئارقىمىزغا قايتىپ، ئىلگىرى بوشاڭلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئاشۇ مەزگىلنى قايتىلاشقا ئامالسىزمىز.

زايە قىلىۋەتكەن ۋاقىت مەڭگۈ يوقالغان بولىدۇ، بىز ئۇنى مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايمىز. ئەمما، بىز ۋاقىتنى قانداق كونترول قىلىشنى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىشنى، مۇۋاپىق ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ تۈگىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. پىلانلىق قىلغان ئىشىمىز كۆپەيگەنسېرى ۋاقىتنىڭ ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، ۋاقىتنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلالايمىز.

ھېچبىر ئادەم ئۆزى يولۇقىدىغان ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالمايدۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتتا تاللاش پۇرسىتى بولىدۇ. بۇلارنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئورۇنداش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ۋاقتىڭىزنىڭ قىممىتى، ھاياتىڭىزنىڭ مەنىسى ئاشىدۇ.

# ئۇمىد چىرىغىنى ياندۇرۇش

# ئارزۇ

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئامېرىكىدىكى بىر گېزىتتە بىر باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ساپ ئاق مۇشتەكگۈل يېتىشتۈرۈپ چىققۇچىلارنى كاتتا مۇكاپاتلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانى بېرىلىپتۇ. ئېلان بىر مەزگىل غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ. بۇ خىل تېخنىكىغا بېرىلىدىغان زور سوممىلىق مۇكاپات نۇرغۇن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەڭگارەڭ تەبىئەت دۇنياسىدا مۇشتەكگۈلنىڭ رەڭگى ئالتۇن رەڭدىن باشقا قوڭۇر رەڭدىلا بولغاچقا، ساپ ئاق رەڭلىك مۇشتەكگۈلنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەقىقەتەن قىيىنغا توختايتتى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر بىردەملىك قىزغىنلىقتىن كېيىن بۇ ئېلاننى يەتتە تاغنىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە 20 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى باغۋەنچىلىك ئورنى قىزغىنلىق بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ۋە بىر تال ساپ ئاق رەڭلىك مۇشتەكگۈل ئۇرۇقىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە تارقىلىپ چوڭ داغدۇغا قوزغاپتۇ.

ئۇرۇقنى ئەۋەتكۈچى ئەسلىدە 70 ياشلىق بىر موماي بولۇپ، بىر گۈل ھەۋەسكارى ئىكەن. ئۇ 20 يىل ئىلگىرى ئاشۇ ئېلاننى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ،

پەرزەنتلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، قىلچە بوشاشماستىن ئىزچىل تۇردە بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئادەتتىكى ئۇرۇقتىن ئازراق تېرىپ، كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن مۇشـ ـتەكگۈل ئېچىلىپتۇ. ئۇ ئېچىلغان ئاشۇ ئالتۇن رەڭ ۋە قوڭۇر گۇللەردىن ئەڭ سۇسلىرىنى تاللاپ قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى ئۇرۇقلىرىنى تاللاپ كېيىنكى يىلى تېرىپتۇ. ئاندىن بۇ گۇللەر ئىچىدىن رەڭگى تېخىمۇ سۇسلىرىنى تاللاپ تېرىپتۇ...... كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا 20 يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە بىر پارچە گۈللۈكتىن بىر تۇپ قاردەك ئاپئاق مۇشتەكگۈلگە ئېرىشىپتۇ. مۇتەخەسسىسلەرمۇ ھەل قىلالمىغان بۇ مەسىلە ئىرسىيەتشۇناسلىقتىن قىلچىمۇ خەۋىرى بولمىغان بۇ مومايىنىڭ قولىدا ئاسانلا ھەل بولۇپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟

**【تەسىرات】**

## ئارزۇ بولغاندىلا غەلىبە مېۋىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

بۇ ھېكايە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، پەقەت قەلبىمىزدە ئارزۇ بولسىلا، ئۈمىد ئۇرۇقى پەيدا بولىدۇ، شۇندىلا چوقۇم ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز......

شۇ يىللاردا ئاشۇنداق بىر ئاددىي ئۈرۈق كىمنىڭ قولىدا بولغان بولسا شۇ كىشى ماختانغان بولاتتى، ئەمما ئادەمدە ئارزۇدىن چېچەكلىگەن چىدامچانلىق، كۆڭلىنى كۆچەتزارلىق، قان- تەرىنى بۇلاق قىلغان پەرۋىش ۋە سۈغىرىش روھى كەمچىل بولغاندا ھاياتلىقتىكى ئەڭ گۈزەل چاغلار بىكار ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. پەقەت چىن دىل بىلەن ئىجتىھات قىلساقلا، بىر دانە ئەڭ ئاددىي ئۈرۈق بىلەنمۇ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايمىز!

ئارزۇ گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ، گۈزەل ئارزۇ كىشىگە ئىلھام بېرىدۇ، كىشىنى چەكسىز ئىستەككە ئىگە قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئالغا باسالىشىمۇ ئومۇمەن ئارزۇ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا جەمئىيەت كىشىنى ھايات ئۈچۈن ئويلاندۇرۇپ كۈرەش قىلدۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتمۇ كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىدۇ.

قىسقىسى، بىز ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئارزۇ پەقەت ئارزۇلا خالاس، پەقەت تىرىشىش روھى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.



# سۇغا چۈشۈپ كەتكۈچى

بىر كۈنى ناپولېئون نۆكىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «قۇتقۇزۇڭلار! بىر ئادەم سۇغا چۈشۈپ كەتتى!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ناپولېئون ئېتىنى قامچىلاپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ.

كۆل بويىغا يېتىپ كەلگەندە بىر ئەسكەرنىڭ ئالا-قىزادىلىك بىلەن سۇدا تىركىشىپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى، قىرغاقتىكى بىرنەچچە ئەسكەرنىڭمۇ ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ناپولېئون ئاچچىقلاپ:

— ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلەمدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئاز- تولا خەۋىرى بار، ھازىر ئۇ بولالماي قالدى ئالىيلىرى، قانداق قىلىمىز؟— بىر ئەسكەر قورققىنىدىن ئاران جاۋاب بېرىپتۇ.

— ھودۇقما، — ناپولېئون دەرھال نۆكىرىنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەرگە قاراپ ،— سەن يەنە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈپ نېمە قىلىسەن؟ قىرغاق تەرەپكە قاراپ ئۈزمەمسەن؟— دەپ

تورۇلاپتۇ. ئارقىدىنلا تاپانچىنى بەتلەپ، سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئالدىغا ئارقا- ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىپتۇ.

سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەر ناپولېئوننىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن «پاڭ- پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە دەرھال نىشاننى بۇراپ «پولتۇڭ- پولتۇڭ» قىلىپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ناپولېئون تۇرغان تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن قىرغاققا يېتىپ كەپتۇ.

سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەر قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ. ئۇ سوغا چۈشكەن مۇشۇككە ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ بىرقانچە ئەسكەرنىڭ يېنىدا تاپانچا تۇتۇپ تۇرغان پادىشاھنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ:

— ئالىيلىرى، مەن بىخەستەلىك قىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتتىم، بەختىمگە يارىشا سىلى مېنى قۇتقۇزۇۋالدىلا، لېكىن پېقىرلىرى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، مەن تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېگەندە نېمىشقا مەن تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئاتتىلا؟— دەپ سوراپتۇ. ناپولېئون قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

«ئەخمەق، سېنى چۆچۈتۈپ قويمىسام، قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە جۈرئەت قىلالامتىڭ؟ ئۇ چاغدا راستتىنلا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولاتتىڭ،— دەپتۇ.

ئەسكەرلەر بىردىنلا ھەممىنى چۈشەنگەندەك ناپولېئونغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپتۇ.

ئەسلىدە ناپولېئون ئۆلۈم ئارقىلىق ئەسكەرنىڭ

ھايات قېلىش ئېگىنى قوزغاپ قىرغاققا قاراپ ئۈزدۈرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىگە يەتكەنىكەن.

【تەسىرات】

## مۇۋەپپەقىيەت ئارزۇغا موھتاج

ھەرقانداق ئادەم ياشاش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلىدۇ. بىز بۇ ئەسكەرنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئىبارەت ھايات- ماماتلىق كەچۈرمىشىدىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئادەمدە ئىنتىلىش بولۇشى كېرەك، ئادەم قانچە ئىنتىلگەنسېرى شۇنچە غەيرەتكە تولىدۇ، ياشاشنى ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلغىنىمىزدا، ئارزۇ خۇددى قۇياشقا ئوخشايدۇ. بىز قۇياشقا قاراپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يۈگۈرگىنىمىزدە، بارلىق قورقۇنچ ۋە ئېغىر يۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىمىزدا تاشلىنىپ قالىدۇ.»



# ئەڭ مۇھىمى كەيپىيات

سوقرات بويتاق ۋاقتىدا بىرقانچە دوستلىرى بىلەن 7 ــ 8 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇ كۈن بويى خۇشال- خۇرام ئۆتەتتى.

بىرسى ئۇنىڭدىن:

ــ شۇنچە كۆپ ئادەم قىستىلىشىپ تۇرسا، ھەرىكەت قىلىشمۇ قىيىنغا توختايدۇ، قانداقمۇ خۇشال ئۆتكىلى بولسۇن؟ــ دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

ــ دوستلار بىرگە بولسا، ھەر ۋاقىت سىرداشقىلى بولىدۇ، بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ــ دەپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن دوستلىرى بىر- بىرلەپ ئۆي- ئوچاقلىق بولۇپ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ كۆچۈپ كېتىپ، ئۆيدە يەقەت سوقراتلا قاپتۇ. ئۇ ئاۋالقىدەكلا خۇشال - خۇرام ئۆتۈپتۇ. ھېلىقى كىشى يەنە:

ــ سىز يالغۇز قالسىڭىز، قانداقمۇ خۇشال ئۆتەلەيسىز؟ــ دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

ــ مەندە نۇرغۇن كىتاب بار، ھەربىر كىتاب بىر ئوقۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ. مەن شۇنچە كۆپ مۇئەللىم بىلەن بىرگە تۇرسام، بۇ قانداقمۇ كىشىنى خۇشال قىلمىسۇن!ــ دەپتۇ.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن سوقرات توي قىلىپ، بىر چوڭ بىناغا كۆچۈپ كىرىپتۇ. بۇ بىنا يەتتە قەۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتە تۇرىدىكەن. ئاستىنقى قەۋەت بۇ بىنادىكى ئەڭ ناچار قەۋەت بولۇپ، ۋاراڭ- چۇرۇڭ، ئوغرى- يالغان كۆپ، مەينەت ئىكەن. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر يۇندى، ئۆلۈك چاشقان، يىرتىق ئاياغ، سېسىق پايپاق قاتارلىق ئەسكى- تۈسكى مەينەت نەرسىلەرنى ئاستىنقى قەۋەتكە تاشلاپ قويىدىكەن. ھېلىقى كىشى سوقراتنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولغان، ھەم ھەيران قالغان ھالدا:

— سىز مۇشۇنداق ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ ئۆزىڭىزنى خۇشال ھېس قىلامسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، سىز بىرىنچى قەۋەتنىڭ قانچىلىك ئوبدان ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ ئالايلۇق، ئىشىكتىن كىرسىڭىزلا ئۆي، ئېگىز بىنا پەشتاقلىرىغا چىقمايسىز؛ نەرسە- كېرەكلەرنى يۆتكەش ناھايىتى قۇلايلىق، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىڭىز ھاجەتسىز؛ دوستلىرىڭىزنىڭ ئىزدەپ تېپىشى قۇلايلىق، بىر قەۋەت - بىر قەۋەتتىن سوراپ يۈرمەيدۇ...... بولۇپمۇ مەن بەكلا رازى، بوش يەرگە گۈل، كۆكتات تېرىسىڭىز بولىدۇ، بۇ بىر خۇشاللىق ئەمەسمۇ!» دەپتۇ.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن سوقرات بىرىنچى قە- ۋەتتىكى ئۆيىنى بىر دوستىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. بۇ دوستى ئورۇق، ياشانغان كىشى بولۇپ، بىناغا چىقىش- چۈشۈشى ئىنتايىن قۇلايسىز ئىكەن. سوقرات بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى — يەتتىنچى قەۋەتكە كۆچۈپتۇ، ھەر كۈنى ئۇ

يەنىلا خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىكەن.

ھېلىقى كىشى يەنە زاڭلىق قىلغان ھالدا:

— ئەپەندىم، بىنانىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرۇشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟— دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

— ياخشى يېرى ناھايىتى كۆپ. بىرىنچىدىن، ھەر كۈنى بىناغا بىرقانچە قېتىم چىقىپ ـ چۈشسىڭىز، بۇ ئىنتايىن ياخشى بولغان چېنىقىش پۇرسىتى بولۇپ، سالامەتلىكىڭىزگە پايدىلىق؛ ئىككىنچىدىن، ناھايىتى يورۇق، كىتاب كۆرسىڭىز، خەت يازسىڭىز كۆزىڭىزنى ئاسراشقا پايدىلىق؛ ئۈچىنچىدىن، باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن خالىي بولىسىز، كېچە ـ كۈندۈز ناھايىتى تىنچ ياشايسىز،— دەپتۇ.

كېيىن ھېلىقى كىشى سوقراتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەپلا ـ توننى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— مۇئەللىمىڭىز ھەمىشە ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ، لېكىن مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇنىڭ ھەر قېتىم تۇرغان مۇھىتى ياخشى ئەمەسقۇ؟— دەپ سوراپتۇ. ئەپلاتون:

— بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى بەلگىلەيدىغىنى مۇھىت بولماستىن، بەلكى شۇ كىشىنىڭ كەيپىياتىدۇر،— دەپتۇ.

【تەسىرات】

## ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىگە قاراش كېرەك

سوقراتنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتى ياخشى بولمىسىمۇ، ئۇ

ھەممىشە نېمە ئۈچۈن خۇشال- خۇرام يۈرىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، ھەممىشە شەيئىلەرنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ناچار تەرەپلىرىگە پەرۋا قىلمىغان، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، تەبىئىيلا ناھايىتى خۇشال- خۇرام ئۆتەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر شەيئى ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە. بىز ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن شەيئىلەرنى كۆزەتكىنىمىزدە، تەبىئىيلا ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتقا كېلىمىز. ئەگەر سوقراتقا ئوخشاش ھەممىشە شەيئىلەرنىڭ بىر تەرىپىدىن خۇشاللىق ئىزدىسەك، ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇنىڭدەكلا خۇشال- خۇرام ئۆتىمىز؛ ئەمما، ئەكس تەرىپىدە تۇرۇپ شەيئىلەرنى كۆزەتكىنىمىزدە، ھېسسىياتىمىز ئېھتىمال پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ، مەڭگۈ خۇشاللىق تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن.

بۇ دۇنيادا ياشايدىكەنمىز، ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىمىز. بۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ مەيلى قانداق ئەھۋاللارغا يولۇقايلى، بىز ھەممىسىدە سوقراتقا ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، ھەممىشە شەيئىلەرنىڭ يامان تەرىپىگە دىققەت قىلىپ، ئۆزىگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟

# ئىشنى نىشان بەلگىلەشتىن باشلاش

بىسەيىر غەربىي سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدىكى ھەر يىلى سان ـ ساناقسىز ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان نۇرلۇق بىر مەرۋايىت. لېكىن، بۇ يەر كېنى لۋېن بايقاشتىن ئىلگىرى تېخى ئېچىلمىغان قالاق جاي بولۇپ، بىرەر ئادەممۇ قۇملۇقتىن چىقىپ باقمىغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىشنى خالىمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن قېتىم چىقىپ كېتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، چىقىپ كېتەلمىگەنىكەن.

كېن لۋېن ئەلۋەتتە بۇ خىل قاراشقا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇ قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلاردىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، نەتىجىدە ھەممە ئادەمنىڭ جاۋابى ئوخشاش بولغان. ئۇلار بۇ يەردىن مەيلى قايسى نىشانغا قاراپ مېڭىشتىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا يەنىلا يولغا چىققان جايغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇ بىر تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، بىسەيىر كەنتىدىن شىمالغا قاراپ ئۈچ يېرىم كۈن يول مېڭىپ چىقىپ كەتكەن.

بىسەيىرلىكلەر نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ؟ كېن لۋېن چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئاخىرىدا بىر

بىسەيىرلىك ئادەمنى ئۆزىگە يول باشلىغۇچى قىلىپ، زادى نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقـ ماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار يېرىم ئاي يەتكۈدەك سۇ ۋە ئىككى تۆگە بىلەن يولغا چىقىپتۇ. كېيىن لىۋىن كومپاس قاتارلىق ھازىرقى زامان ئەسۋابلىرىنى ئالماي، پەقەت تاياققا تايىنىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

10 كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار 1300 كىلومېتىر يولنى بېسىپ، 11 ـ كۈنى ئەتىگەندە دەرۋەقە يەنىلا بىسەيىرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ قېتىم كېيىن لىۋىن بىسەيىرلىكلەرنىڭ قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ چوڭ چۆمۈچ يۇلتۇزنى پەرق ئېتەلمەيدىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا بىرەر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ سېزىمىغا تايىنىپ ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، چوقۇم نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك بارخانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ئەڭ ئاخىرىدا يۆنىلىشتە ئېزىپ قالىدىكەن. بىسەيىر كەنتى چەكسىز قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، 1000 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە بىرەر بەلگە جىسىممۇ يوق ئىكەن. ئەگەر چوڭ چۆمۈچ يۇلتۇزنى پەرق ئېتەلمىسە ھەم كومپاس بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قۇملۇقتىن چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

كېيىن لىۋىن بىسەيىردىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئالدىنقى قېتىم ئۆزى بىلەن بىللە ماڭغان ئاگوتۇر ئىسىملىك ياشقا: «پەقەت كۈندۈزى دەم ئېلىپ،

كېچىسى شىمالدىكى ئاشۇ يۇلتۇزغا قاراپ ماڭساڭ قۇملۇقتىن چىقالايسەن» دەپتۇ. ئاگوتۇر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە مېڭىپ، دەرۋەقە ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇملۇقنىڭ چېتىگە يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاگوتۇر بىسەيرنى ئاچقۇچى شەخس بولۇپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭ مىس ھەيكىلى ياسىلىپتۇ. ھەيكەلنىڭ ئاستى تەرىپىگە «يېڭى تۇرمۇش نىشان تاللاشتىن باشلىنىدۇ» دېگەن بىر قۇر خەت ئويۇلۇپتۇ.

【تەسرات】

## مۇۋەپپەقىيەت نىشان بەلگىلەشتىن كېلىدۇ

بۇ ھېكايىنىڭ كىشىلەرگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، بىر ئادەم ئۇ ھازىر قانچە ياش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھايات سەپىرى ئۇنىڭ نىشان بەلگىلىگەن ئاشۇ كۈنىدىن باشلانغان، ئىلگىرىكى كۈنلەر ئۇنىڭ بىر دائىرە ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىمىز ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز ئۈچۈن، بىز چوقۇم قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن بىر تەرتىپنى تۈزۈپ چىقىپ، نورمال قەدەم

بىلەن مۇقىم نىشان بەلگىلىۋېلىشىمىز كېرەك. خۇددى ھاياتلىق ئۈچۈن ھاۋا زۆرۈر بولغىنىدەك، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈنمۇ نىشان بولۇشى زۆرۈر.

نىشان بەلگىلەشنىڭ پرىنسىپلىرى تۇرمۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئەڭ ئاساسلىق نىشان يەنىلا كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشاندۇر. يەنى كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان قىممەت قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان دائىرىدىكى يادرولۇق قىسمىدۇر. ئۇ شەخسنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان قارىشى ياكى قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىز كىشىلىك ھاياتتىكى نىشانىنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىمىزگە چوڭقۇر پۈكۈپ، ھەر كۈنى شۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك.

نىشان بەلگىلەش — ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن نىشانىنى ئېنىق بېكىتىش بولۇپ، مۇشۇنداق بولغاندا نۆۋەتتە ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئەھۋالغا نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە ئۆز نىشانى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ بىكار ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ھايات مۇساپىسىدە ئاچا يول كۆپ بولىدۇ. ئېھتىيات قىلمىسا تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. نۇرغۇن كىشىلەر جان تىكىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسىمۇ ھېچ-

ـقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا خاتا بولغا مېڭىپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن كېچىككەن بولۇپ، بىكاردىن- بىكار ئاۋارە بولۇپ قالىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا بىز توغرا، مۇھىم بولغان نىشانىنى بېكىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كۈرەش قىلساقلا، ھاياتىمىز ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن بولىدۇ.



# ئۆزىنى قەدىرلەش

يېتىم باللار پاراۋانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئوغۇل بالا ھەمىشە چۈشكۈن ھالدا پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقىدىن:

— ماڭا ئوخشاش باشقىلار تاشلىۋەتكەن بالىنىڭ ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟— دەپ سورايدىكەن. پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كىم سېنى تاشلىۋەتكەن دەيدۇ؟— دەيدىكەن.

بىر كۈنى پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى ئۆز قولى بىلەن ھېلىقى بالىغا بىر پارچە ئادەتتىكى تاشنى بېرىپ:

— ئەته ئەتىگەندە سەن بۇ تاشنى بازارغا ئېلىپ بار، ئەمما ساتما. ئېسىڭدە چىڭ تۇت، باشقىلار مەيلى نەچچە پۇل بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز سېتىشقا بولمايدۇ.— دەپتۇ.

بالا ئەجەبلەنگەن ھالدا تاشنى قولىغا ئاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى بالا دەككە-دۈككە ئىچىدە بازارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تاش ساتىمەن دەپ توۋلاپتۇ. كۈتكەندەك نۇرغۇن كىشىلەر چىقىپ بۇ تاشنى سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ، ئەمما بىر-بىرىدىن يۇقىرى باھا قويىسمۇ، بالا پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقىنىڭ گېپىنى

ئىسدە چىك تۇتۇپ، ساتماي قايتىپ كەپتۇ. ئۇ روھلۇق ھالدا پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ، پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى كۈلۈپ كېتىپ، ئەتە يەنە بۇ تاشنى ئالتۇن بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ بازارغا سېلىپ بېقىشنى دەپتۇ. ئالتۇن بازىرىدا دەرۋەقە بىرەيلەن چىقىپ تۇنۇگۈنكى يۇقىرى باھادىنمۇ ئون ھەسسە يۇقىرى باھا قويۇپ سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ، ئەمما بالا يەنىلا رەت قىپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى بالىنى ئۇ تاشنى گۆھەر سېتىش بازىرىدا كۆرگەزمە قىلىشنى دەپتۇ. نەتىجىدە تاشنىڭ باھاسى، يەنە ئون ھەسسە ئۆسۈپتۇ. بالا بۇ تاشنى ھېچكىمگە سېتىپ بەرمىگەچكە، بۇ تاش باشقىلار تەرىپىدىن «ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر» دەپ قارىلىپ، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار كەينى- كەيـ- ىندىن كەپتۇ.

پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھاياتنىڭ قىممىتى خۇددى بۇ تاشقا ئوخشاش، ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا ئوخشاش بولمىغان ئەھـ- مىيەتكە ئىگە. بىر پارچە ئەرزىمەس تاش سېنىڭ قە- دىرلىشىڭ تۈپەيلىدىن باھاسىمۇ ئۆسۈپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر دەپ قارالدى. سەن بۇ تاشقا ئوخشىماسەن؟ پەقەت ئۆزۈڭگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز- ئۆزۈڭنى ياخشى قەدىرلىسەڭ، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى بولىدۇ، — دەپتۇ.

【تەسرات】

## مەن يېڭىشىم كېرەك، مەن يېڭەلەيمەن

پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى ئېيتقان «ھاياتنىڭ قىممىتى بۇ تاشقا ئوخشاش، ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئىشىنىشكە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ۋە خاراكتېرىدە ئەڭ مۇھىم بولغان نۇقتا ئۆزىگە قانداق قاراش مەسىلىسىدۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئېنىق بىر تونۇشى بولمىسا، ئۇنداقتا سىرتقى دۇنياغا قارىتا ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشى تەسكە توختايدۇ. ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش بولسا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ تونۇغاندىن كېيىنمۇ ئاۋالقىدەكلا بىر خىل كۆتۈرەڭگۈ جەڭگىۋارلىقنى ساقلاشتۇر، شۇنداقلا ئۇتۇق قازانغۇچى تايىنىش زۆرۈر بولغان يوشۇرۇن مەنىۋى ئىقتىداردۇر.

ھازىرقى جەمئىيەتتە، بىر ئادەم ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولىدىكەن، يەككە- يېگانە جان تىكىپ ئېلىشىش روھى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىقى بولۇشى كېرەك. بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئىشەنسە، ئاندىن باشقىلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە قايىل قىلالايدۇ؛ ئەگەر ئۆزى ھېچنېمىگە ئىشەنمىسە، ئۇنداقتا ئۇ بۇ دۇنيا-

دىكى ئەڭ تايىنىشقا بولىدىغان كۈچتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.

ئۆزىگە ئىشىنىش كىشىنىڭ ئالغا ئىنتىلىش روھىنى كۈچەيتىپ، جۈرئەت بىلەن ئىشلەپ، ئىپتىخارلانغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە يول ئاچىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالسىلا ئارسالدى بولۇپ، ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ، تەقدىر ماڭا يول قويمايۋاتىدۇ، يەنە تىركەشكىنىمنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىز دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۇدەك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ باققانلىقىنى، ھەتتا ئېگىلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانلىقىنى، ئەمما ئۇلاردا كۈچلۈك غەيرەت، ئىرادە بولغاچقا، ئۆمۈر بويى يىقىلغىنىغا تەن بەرمەي، يەنىلا تىرىشچانلىق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۈمىد چىرىغىنى يەنە ياققانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ھەربىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئۆز ئىشەنچىسىنى چىڭ ساقلاشنى، قىيىنچىلىق مەيلى قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن، قانچىلىك ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويۇماسلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە پەقەت ئېنىق كۆز قاراش بولمىغاچقا، ئىش قىلغاندا ئىككىلەنگەچكە، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا پۈتلىكاشاڭ كۆپ بولماقتا. بۇنداق كىشىلەر خۇددى سۇ يۈزىدە لەيلەپ

قالغان ئۆلۈك بىلىققا ئوخشاش، سۇ قاياققا ئېقىتسا شۇ يەرگە كېتىدۇ، ئەمما تىرىك بىلىق سۇ ئېقىنىغا قارشى ئۈزەلەيدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مەغلۇبىيەتچىلەرگە قارىساق، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىقتىساد تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، بەلكى ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ كەملىكىدىن مەغلۇپ بولغان.

كىشىنىڭ ئۆز پەزىلىتىنى يوقاتقاندىن باشقا، ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقى ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ زىياندۇر. بىر ئادەمدە ئۆزىگە قارىتا ئىشەنچ بولمىسا ھەرقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازىنالماي، خۇددى ئومۇرتقىسى يوق كىشىدەك مەڭگۈ ئورنىدىن دەس تۇرالمايدۇ.

شۇڭلاشقا، سىزدە ئىشەنچ بولغاندا ئاجايىپ ئۇتۇققا ئېرىشەلەيسىز، ئىشەنچىڭىزنى يوقاتسىڭىز، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىسىز، خالاس.

# قەھۋە بولسىلا كۇپايە

بىر قىز دادىسىغا ھاياتىنىڭ ئازاب ۋە ئامالسىزلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن ياشىغۇسى بارلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئاللىبۇرۇن يوقىتىپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىش ئويىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئاللىبۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە تىركىشىشتىن جاق تويغانىدى. دېمىسىمۇ قىرىشقاندەك نۇرغۇن مەسىلىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ماجالىنى قويمىغانىدى.

قىزنىڭ دادىسى ئاشپەز بولۇپ، ئۇ قىزىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچنېمە دېمەستىن، قىزىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

ئۇ ئۈچ قازان سۇغا ئوت قالاپتۇ. سۇ قايىنىغاندىن كېيىن بىرىنچى قازانغا تۇرۇپ، ئىككىنچى قازانغا بىر دانە تۇخۇم، ئۈچىنچى قازانغا قەھۋە سېپتۇ.

قىز شۈبھىلەنگەن ھالدا دادىسىغا قاراپ دادىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي قاپتۇ. دادىسى مۇلايىملىق بىلەن قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا گەپ قىلماي قايناۋاتقان سۇدىكى تۇرۇپ، تۇخۇم ۋە قەھۋەگە قاراپ تۇرۇشنى ئىشارەت قىپتۇ.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى قازاندىكى

تۇرۇپ ۋە تۇخۇمنى سۈزۈۋېلىپ ئايرىم- ئايرىم قاچىغا سالپتۇ. قەھۋەنى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ ئىستاكانغا قۇ- يۇپ قىزىدىن:

— قوزام، نېمىنى كۆردۈڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

— تۇرۇپ، تۇخۇم ۋە قەھۋە،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. دادىسى قىزىنى يېقىن تارتىپ قايناق سۇدا پىشىپ ئېزىلىپ كەتكەن تۇرۇپنى تۇتۇپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئان- دىن نېپىز ۋە قاتتىق شاكاللىرى يېرىلىپ كەتكەن تۇ- خۇمنى تۇتۇپ بېقىشقا بويرۇپتۇ. قىز سۇدا پىشقان تۇخۇمغا زەن سېلىپ قاراپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە قىزىغا قەھۋەنى تېتىپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. قىز كۈلۈپ كېتىپ خۇش پۇراق چىقىپ تۇرغان قەھۋەنى ئىچىپتۇ.

قىز دادىسىغا قاراپ:

— دادا، بۇ نېمە ئىش،— دەپ سوراپتۇ. دادىسى چۈشەندۈرۈپ:

— بۇ ئۈچ خىل نەرسە ئوخشاشلا ئۆزگە پايدىسىز بولغان شارائىتتا، يەنى قايناق سۇغا دۇچ كەلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ئوخشاش بولمىدى. ئەسلىدىنلا قاتتىق ھەم مۇستەھكەم بولغان تۇرۇپ قايناپ ئېزىلىپ كەتتى. بۇ تۇخۇم ئەسلىدە ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، ئۇنىڭ نېپىز ھەم قاتتىق شاكىلى ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى قوغداپ تۇراتتى، لېكىن قايناتقاندىن كېيىن شاكالنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق قاتتىقلىشىپ كەتتى؛ ئۇۋاق ھالەتتىكى قەھۋە بولسا تېخىمۇ قىزىقارلىق بولدى، ئۇ قايناتقاندىن كېيىن سۇغا ئايلىنىپ كەتتى،— دەپتۇ ھەمدە قىزىدىن،— سەنچۇ قىزىم؟ سەن

نېمە بولدۇڭ؟ــــ دەپ سوراپتۇ.

دادىسى مېھرىبانلىق بىلەن چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ جاسارىتىنى يوقاتقان قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــــ سەن تەتۈر قىسمەتكە دۇچ كەلگىنىڭدە قانداق ئىنكاس قايتۇرىسەن؟ سەن قاتتىق تۇرۇپقا ئوخشاش ئاجىزلاپ كۆچۈڭنى يوقىتامسەن؟ ياكى تۇخۇمغا ئوخشاش ئىتائەتچان بولۇپ، قەلبىڭ ئوڭايلا ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ؟ ۋەياكى سەندە ئېلاستىكلىقا، يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە روھ بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈم، ئايرىلىش، قىيىنچىلىققا ئۇچرىــ-ـغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ قېتىپ، كاجلىشىپ قالامسەن؟ ئېھتىمال سەن سىرتىڭدىن قارىغاندا چىڭقىپ كونىراپ قالغانسەن، ئەمما سېنىڭ قەلبىڭ ۋە روھىڭ ئۆزگىرىپ ھەم سەۋرلىك، ھەم چۇس، ھەم جاھىل بولۇپ قالــ-ـغاندۇ؟ ياكى سەن قەھۋەگە ئوخشامسەن؟ قەھۋە ئۆزىنى قىيناۋەرگەن سۇغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ تېمپېرا-تۇرىسى ئۆرلەپ 100℃ قا يەتكەندە، سۇ مەززىلىك قەھۋەگە ئۆزگىرىدۇ، سۇ قايناپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەندە، ئۇ بارغانسېرى مەززىلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن قەھۋەگە ئوخشاش تەتۈر قىسمەتكە دۇچ كەلگىنىڭدە ھېچنېمىنى كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ، ئەھۋالىڭ ياخشى بولۇپ ئۆزگىرىدۇ ھەم بارلىق ئۆزگىرىشلىرىڭ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، يېنىڭدىكى بارلىق ئادەملەر ۋە شەيئىلەر تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئوبدان تۇيۇلىدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟ــــ دەپتۇ.

【تەسرات】

## ئاكتىپ پسىخىك ھالەت ــــ تۇرمۇشتىكى يېقىلغۇ

پسىخىك ھالەت تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، ئاشپەز ئاتا ئۆز قىزىغا تەسرلەنگۈدەك بىر دەرس بېرىدۇ.

پسىخىك ھالەت سىزنى ئۇتۇقىمۇ، مەغلۇبىيەتكىمۇ ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر پسىخىك ھالىتىڭىز ياخشى بولمىسا، سىز بىر مەغلۇبىيەتچى بولۇپ قالىسىز. ئۇتۇق ئاكتىپ پسىخىك ھالەتكە ئىگە بولغان ھەم ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرستەلەيدىغان كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بەزىلەر باشقىلارغا قارىغاندا ئۇتۇق قازىنالايدۇ؟ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدۇ؟ ياخشى خىز-مەتكە، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، ساغلام تەنگە، خۇشال- خۇراملىققا، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە بولالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى باشقىلارغا قارىغاندا ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ؟ ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر تىنىم تاپماي ئەمگەك قىلىپ، پەقەت تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەم بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇتۇق قازىنالايدۇ، مۇشكۇل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىگىلىك تىكلىيەلەيدۇ، لېكىن يەنە بەزىلەر نېمىشقا قىلالمايدۇ؟

نۇرغۇن پسىخولوگلار مۇنداق بىر مەخپىيەتلىكنى بايقىغان، ئۇ بولسىمۇ «پسىخىك ھالەت»تۇر. بىر

پەيلاسوپ مۇنداق دەيدۇ: «پىسخىك ھالىتىڭ سىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىڭ»، «سىز ھاياتىڭىزنى باشقۇرامسىز ياكى ھاياتىڭىز سىزنى باشقۇرامدۇ؟ سىزنىڭ پىسخىك ھالىتىڭىز ھەممىنى بەلگىلەيدۇ».

پىسخىك ھالىتىڭىز ياخشى بولمىسا، سىز بىر مەغلۇبىيەتچى بولۇپ قالىسىز. ئۇتتۇق ئاشۇنداق ئاكتىپ پىسخىك ھالەتنىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ ھەمدە ئاشۇنداق ئاكتىپ پىسخىك ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلارغا داۋاملىق نېسىپ بولىدۇ.



# ئىشىنىچ مۆجىزە يارىتىدۇ

سۇڭ خانىدانلىقى دەۋرىدە بىر مەزگىل كەينى-كەينىدىن ئۇرۇش بولۇپ، دۆلەتتە بالايىئاپەت قۇرۇماپتۇ. باش سەركەردە لى ۋېي قوشۇننى باشلاپ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ كۈچى تۆۋەن بولغاچقا، ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەي، كىچىك بىر تاغنىڭ تۆپىسىدە دۈشمەن تەرىپىدىن قورشاۋدا قېلىپ، تارمار بولۇشقا تاس قاپتۇ. ئەسكەرلەر ئازلاپ، ھەتتا قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇش گىردابىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا باش سەركەردە لى ۋېي كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا:

— قېرىنداشلار، بىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىمىز دۈشمەنىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مەن ئىزچىل تەڭرىنىڭ ئەمرپەرمانىغا ئىشىنىمەن، تەڭرى بىزنى يېڭىدۇ دېسە، بىز چوقۇم يېڭىمىز. مەندە توققۇز تال مىس تەڭگە بار، تەڭرىدىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىمىزگە ياردەم بېرىشنى تىلەيلى. مەن بۇ توققۇز تال مىس تەڭگىنى يەرگە تاشلايمەن، ئەگەر ھەممىسىنىڭ ئوڭ يۈزى چۈشسە، تەڭرى چوقۇم بىزنى قوغداپ ياردەم بېرىدۇ، ئەگەر ھەممىسىنىڭ ئوڭ يۈزى چۈشمىسە، ئۇنداقتا تەڭرى بىزنىڭ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى، تەسلىم بولىدىغانلىقىمىزنى ئۇق-

ـتۇرغان بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئەسكەرلەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يەردە يۇ-كۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۈجە كۆيدۈرۈپ، باش قويۇپ تەڭـ-رىنىڭ قوغدىشىنى تىلەپتۇ، بۇ چاغدا لى ۋېي مىس تەڭگىنى چايقاپ، بىراقلا ئاسمانغا ئېتىپتۇ، ئەسكەرلەر قاراشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، چۈنكى كىممۇ تۇققۇز تال تەڭگىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوڭ يۈزى چۈشۈشىگە ئىشەنـ-سۇن! لېكىن، تۇيۇقسىز بىرسى:

ــ قاراڭلار، ھەممىسىنىڭ ئوڭ يۈزى چۈشۈپتۇ، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى ئېچىپ يەرگە قاراپتۇ، دەرۋەقە ھەممە تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزى چۈشكە-نىكەن. ئەسكەرلەر سەكرىشىپ، لى ۋېينى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

ــ بىز چوقۇم يېڭىمىز، تەڭرى بىزنى قوغدايـ-دىكەن! ــ دەپ توۋلىشىپ كېتىپتۇ.

لى ۋېي يەردىكى مىس تەڭگىلەرنى تېرىۋېلىپ:

ــ ياخشى بولدى، دەرۋەقە تەڭرى بىزنى قوغدايـ-دىغان بولدى، بىز يەنە نېمىنى ساقلايمىز، بىز چوقۇم بۆسۈپ چىقىپ كېتەلەيمىز، باتۇرلۇرۇم، ئالغا! ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىچىككىنە قوشۇن دەرۋەقە مۆجىزە يۈز بەرگەندەك كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىپ، قوۋشاۋنى بۆسۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئاز-غىنە ۋاقىتتىن كېيىن، ئەسكەرلەر مىس تەڭگىنىڭ ئىشىنى يەنە سۆزلىشىپ:

ــ ئەگەر شۇ كۈنى تەڭرى بىزنى قوغدىمىغان بولسا، بىز قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەيتتۇق، ــ دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا لى ۋېي يانچۇقىدىن ھېلىقى توققۇز تال مىس تەڭگىنى چىقىرىپتۇ، كۆپچىلىك ھەيرانلىق بىلەن بۇ توققۇز تەڭگىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىككىلا يۈزىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بايقىشىپتۇ.

【تەسرات】

## ئىشەنچ كىشىلىك ھاياتنى پارلىتىدۇ

گەرچە ئىككىلا يۈزى ئوخشاش بولغان كىچىك بىر مىس تەڭگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر كىچىك قوشۇننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ھېكايىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغىنىمىزدا، جەڭدە غەلىبە قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسى ئەمەلىيەتتە «ئىشەنچ» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئىشەنچ ــ ئادەمنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان كۈچ، ئۇ ئىنتايىن ناچار شارائىتتىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىدىغان ئادەم مەڭگۈ يېقىلمايدۇ، ئۇلار ھەقىقىي كۈچتۈڭگۈرلەردۇر. «ئىشەنچ مۆجىزە يارىتىدۇ» ناملىق ھېكايىدىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، ئىشەنچنىڭ كۈچى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ قەدىمىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەنمىز، يۈكسەك غايە ۋە ئىشەنچ كەم بولسا بولمايدۇ.

ئىشەنچ پۇل- مال، كۈچ، ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇرۇق- تۇغقان ۋە دوست- بۇرادەرلەردىنمۇ

زور كۈچ- قۇدرەتكە ئىگە. ئۇ ھەرقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدا كەم بولسا بولمايدىغان كاپىتال. ئىشەنچ ھەر خىل توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلىرىڭىزدا كۆز- گۈلدىكىدەك نەتىجە يارىتىدۇ. بەزى ئادەملەر دەس- لەپتە ئۆزى مۇۋاپىق بىر پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىدە بولىدۇ، لېكىن بىر ئوڭۇش- سىزلىققا ئۇچراپلا يېرىم يولدا ۋاز كېچىدۇ. بۇنىڭ سە- ۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى مۇستەھكەم ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئىشەنچ تۇرغۇزغاندا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇ- ڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا تىز پۈكمەي ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ ھەم بىردەملىك قىيىنچىلىق تۈپەيلى ۋاز كې- چىشتىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

ئىشەنچ ھاياتلىقتىكى نۇرلۇق چىراغ. ئۆزىدە ئىشەنچ بولمىغان ئادەم پەقەت ئاجىزلارچە ياشايدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشەنچنىڭ قۇدرىتى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئادەم ئىشەنگۈسىز نەتىجە يارىتالايدۇ. ئىشەنچكە تولغان ئادەم مەڭگۈ يىقىلمايدۇ. ئۇ ھامان تەقدىرنىڭ خوجايىنى، نىشانلىق ئىشەنچىمىز بولغاندا، بىزنىڭ ھەربىر ئوي- پىكرىمىز ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە قەتئىي ئىشەنسىڭىز، ئىشەنچ ئىشلىرىڭىزنى ئىلگىرى سۈرگۈچى پىشاڭ بولۇپ، سىزنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

## قۇلۇلىنىڭ «ساياھىتى»

قەدىمكى زاماندا لوياڭ ئەتراپىدىكى بىر دەرەخزار-لىقتا يوغان بىر تۇخۇمەك دەرىخى بولۇپ، ئاستىدا بىر قۇلۇلە ياشايدىكەن. بۇ چوڭ قۇلۇلە ئۇۋىسىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغاچقا، سىرتقى دۇنيانىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيدىكەن.

بىر كۈنى قۇلۇلە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاشقاننى چاقىرىپ توختىتىپ:

— ھەي ئۇكام، سەن مەندىن تېز يۈگۈرەيسەن، سىرتقى دۇنيا توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭ چوقۇم مېنىڭ-كىدىن كۆپتۇ دەيمەن، — دەپ سوراپتۇ. چاشقانچاق چىرىلداپ تۇرۇپ:

— سىرتقى دۇنيا ئىنتايىن كەڭرى، سەن تەيشەن تېغى توغرىسىدا ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 80 مىڭ چى، ئوت-چۆپلىرى مول، كىلىماتى مۆتىدىل، سەن يېپىشكە ئامراق نۇرغۇن نەرسىلەر بار، يەنە...... — ئۇ سىرتقى دۇنيانى رەڭگارەڭ قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ھېچ يەرگە بېرىپ باقمىغان بولۇپ، ھەممىسى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان گەپلەر ئىدى. قۇلۇلە چاشقانچاقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىگە جىن كىرىپتۇ ۋە سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىپ، سىرتقى دۇنيانىڭ زادى

قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئاۋۋال نەگە بارسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، چېۋىندىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شەرقتە تەيشەن دېگەن بىر تاغ بار ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق بولۇپ، يەنە قۇياشنىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن. چېۋىن ئاكا، مەن ئاۋۋال ئاشۇ يەرگە بېرىپ، ئۇزۇن يوللۇق ساياھەت قىلىپ باقايمىكىن دەيمەن، سىزنىڭچە قان-داق؟— دەپ سوراپتۇ.

— ياخشى، ئىنتايىن ياخشى! بىراق، سېنىڭ مۇشۇ سۈرئىتىڭ بىلەن تەيشەن ئېتىكىگە بېرىش ئۈچۈن ئەڭ تېز بولغاندا 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ. بىلمىدىم، سېنىڭ ئىرادەڭ قانچىلىككىن...... — دەپتۇ.

— ھە، ھە ...... — قۇلۇلە بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ تەيشەن تېغىنىڭ بۇنچە يىراق ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولۇپ، تېخى تەيشەن تېغىغا بېرىش بىر- ئىككى كۈنلۈكلا يول دەپ ئويلىغانىكەن، — مەن تەيشەن تېغىغا بارمايمەن. مەن يەنىلا جياڭخەن تۈزلەڭلىكىگە باراي، ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىقى مول، چوقۇم بىر ياخشى جاي.

— بۇ ئەلۋەتتە بىر ياخشى ئىش، بىراق بۇ يەردىن جياڭخەن تۈزلەڭلىكىگە بېرىش ئاسان ئەمەس، سەن توققۇز دەريا ئېقىنىدىن ئۆتۈشۈڭ كېرەك، سەن مۇشۇ مېڭىشىڭ بىلەن كەم دېگەندىمۇ 3000 يىل يول مېڭىشىڭ كېرەك،— دەپتۇ چېۋىن.

قوٗلوٗله بوٗ گەپنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز قىسقىرىپ بوينىنى ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. ئۇ مىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمدىن قايسىبىرى بۇنچە ئۇزاق يىل ياشىيالىغان؟ دەپ ئويلاپتۇ.

— ئىنىم، سەن يەنە قەيەرگە باراي دەيسەن؟— دەپ سوراپتۇ چۈشىن قولۇلىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ.

— بارمايمەن، بارمايمەن. مەن ئۇزۇن يول يۈرسەممۇ، يېتىپ بارالمايدىكەنمەن،— دەپتۇ قولۇلە يىغلامسىرىغان ھالەتتە.

چۈشىن كېتىپ قاپتۇ.

قولۇلە ئېرىنلەڭگۈلۈك بىلەن پىڭخەي ئوتلاقلىقىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

بىرقانچە چۈمۈلە قوٗلوٗلىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ زاڭلىق قىپتۇ.

【تەسرات】

## ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك

«قوٗلوٗلىنىڭ ساياھىتى» ناملىق بۇ مەسەل بىزگە بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

بىز مەيلى قانداق ئىش قىلايلى، ئۆزىمىزگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۆز- ئۆزىمىزگە ئىشەنچىمىز

بولمىسا، ئۇنداقتا باشقىلار قانداقمۇ بىزگە ئىشەنسۇن؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىناپ باقماي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بوشاڭلىق قىلىمىز؟ دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجاد قىلىنغان، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۇتۇق قازىنىشنى قانداقمۇ مۆجىزە دېگىلى بولسۇن؟ يەنە مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىمىز تىرىشىپ باققان بولساق، نىشانغا يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا تىرىشىپ باققان بولىمىز، باشقىلارمۇ تەئەججۈپلەنمەيدۇ. يەنە مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ يول ئۈستىدىكى مەنزىرىنى كۆرەلەيمىز. ئېھتىمال يول ئۈستىدىكى مەنزىرە كۆزلىگەن نىشاندىكىسىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما گۈزەللىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نېمىلا دېمەيلى، يۇقىرىقى ھەرىكىتىمىز ئورۇنسىز بولمىغان بولىدۇ. ئۇنداقتا بىز يەنە نېمىگە ئىككىلىنىمىز؟ يەنە نېمىدىن قورقىمىز؟ قەدەم تاشلىماي تۇرۇپ يۈرەكلىك بىلەن ئالغا باسقىلى بولمايدۇ. مەسىلىدە دېيىلگەن قۇلۇلىگە ئوخشاپ قېلىپ، ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالساق بولمايدۇ.



# ئىشەنچنىڭ قۇدرىتى

1989 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لوس ئانجېلىستا ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ، تۆت مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 300 مىڭ ئادەم يارىلىنىدۇ.

قالايمىقانچىلىق ۋە خارابىلىك ئىچىدىن بىر ياش ئاتا يارىلانغان ئايالىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، دەرھال يەتتە ياشلىق ئوغلى ئوقۇيدىغان مەكتەپكە بارىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بالىلارنىڭ كۈلكە ساداسى قاپلىغان ئىلگىرىكى چىرايلىق ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى نامايان بولماستىن، بەلكى خارابىلىك نامايان بولۇپتۇ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ: «ئامانتا، مېنىڭ ئوغلۇم!» دەپ توۋلاپ، يەردە يۈكۈنۈپ بىر پەس يىغلىغاندىن كېيىن، ئوغلىغا دائىم دەيدىغان «نېمە ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، مەن ھەمىشە سەن بىلەن بىللە» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئېسىگە كەپتۇ. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، قاراشتىنلا ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئاشۇ خارابىلىككە بېرىپتۇ.

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوغلىنى مەكتەپكە ئەكەلگەندە، ئوغلىنىڭ سىنىپى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋەت سول ئارقا بۇرجىكىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئوغلىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

ئۇ خارابىلىكنى تازىلاپ كولاۋاتقان ۋاقىتىدا، بالىلىرى بار ئاتا-ئانىلار ئالدىراپ-تېنەپ كېلىشىپ، خارابىلىككە قاراپ، «ئوغلۇم!»، «قىزىم!» دەپ يىغلاپ تووۋلاشقاندىن كېيىن، ئۇمىدىنى ئۈزۈپ كېتىپ قېلىشىپتۇ، بەزىلىرى كېلىپ بۇ ئاتىنى تارتىپ: «بەك كېچىكتۇق، ئۇلار ئۆلۈپ كېتىشتى.»

«پايدىسى يوق، ئۆيگە قايتايلى!»

«سوغۇققان بولۇپ، رېئاللىققا يۈزلىنىڭ» دەپتۇ.

بۇ ئاتا بىر جۈپ كۆزى بىلەن بۇ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، «سىز ماڭا ياردەم قىلالامسىز؟» دەپ سوراپتۇ، ئەمما ھېچقانداق كىشى جەزملەشتۈرۈپ جاۋاب بەرمەپتۇ. بۇ ئاتا يەنىلا باش چۆكۈرۈپ كولاشقا باشلاپتۇ.

ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇنى توسۇپ: «بەك خەتەرلىك. خالىغان ۋاقىتتا پارتلاش يۈز بېرىشى مۇمكىن، سىز بۇ يەردىن كېتىڭ» دەپتۇ.

بۇ ئاتا سەمىمىيلىك بىلەن «سىز ماڭا ياردەم بېرەلەمسىز؟» دەپتۇ.

ساقچىلار كېلىپ: «سىزگە بەك ئېغىر كەلدى، ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىشىڭىزمۇ تەس، ئەمما مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزگە پايدىسىز، باشقىلارغىمۇ خەتىرى بار، دەرھال ئۆيگە قايتىڭ» دەپتۇ.

ئۇ ئاتا: «سىز ماڭا ياردەم قىلامسىز؟» دەپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى كاللىسىدىن ئادىشىپ قاپتۇ دەپ، بېشىنى چايقىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ ئاتىنىڭ كۆڭلىدە پەقەت «ئوغلۇم مېنى ساقلاۋاتىدۇ» دېگەن بىرلا ئوي بار ئىدى.

ئۇ سەككىز سائەت كولاپتۇ، 12 سائەت، 24 سائەت، ھەتتا 36 سائەت كولاپتۇ. لېكىن، دېچكىم ئۇنى قايتا توسۇماپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى توپا باسقان، كۆزلىرى قىزارغان، ئۇستىبېشى پۈتۈنلەي قان ئىزى ئىدى. كولاپ 38 سائەت بولغاندا ئۇ توساتتىنلا تۆۋەندىن بالىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ.

— دادا، بۇ سىزمۇ؟

— ئوغلۇمنىڭ ئاۋازى! ئوغلۇم ئامانتا!— دەپ توۋلاپتۇ ئاتا.

— دادا، بۇ راستتىنلا سىزمۇ؟

— ھەئە، بۇ مەن بالام.

— مەن ساۋاقداشلىرىمغا قورقماڭلار، دادام ھاياتلا بولىدىكەن، چوقۇم كېلىپ بىزنى قۇتقۇزىدۇ، چۈنكى دادام «نېمە ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، مەن ھەمىشە سەن بىلەن بىللە دېگەنىدى» دېگەن.

— سەن ھازىر قانداقراق؟ نەچچە بالا ھايات؟

— بۇ يەردە 14 ساۋاقداش بار، ھەممىمىز ھايات، بىز دەرسخانىنىڭ بۇلۇڭىدا، تام ئۆرۈلۈپ ئۈچ قىرلىق شەكىلدە بولۇپ قالدى، شۇڭا بىز بېسىلىپ قالمىدۇق. قورسىقىمىز ئېچىپ، ئۇسساپ ھەم قورقۇپ كەتتۇق، ئەمدى ياخشى بولدى.

دادىسى تۆت تەرەپكە قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— بۇ يەردە 14 بالا بار، ھەممىسى ھايات ئىكەن،

تېز كېلىڭلار،ــ دەپ توۋلاپتۇ.

【تەسرات】

## مەڭگۈلۈك ئىشەنچ، مەڭگۈلۈك هايات

هېكايىدىكى مۆجىزىلىك يېشىم كىشىنى هاياجانغا سالىدۇ، شۇنداقلا ئىشەنچىنىڭ ئاشۇنداق چوڭ كۈچ پەيدا قىلالايدىغانلىقىدىن ئادەمنى هەيران قالدۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئەڭ ياخشى هالەتتە تۇرغان-تۇرمىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەيدىغان ئامىل يەنىلا ئىشەنچتۇر. قەلبىڭىزنى بىر خىل ئېهتىماللىق نەتىجىسى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا بىر خىل سېهرىي كۈچ پەيدا بولىدۇ. تەپەككۇر جەريانىڭىز ۋە پۈتكۈل نېرۋا سىستېمىڭىز بارلىق كۈچىنى جۇغلاپ مۇشۇنداق بىر نەتىجىنى پەيدا قىلىدۇ.

ۋۇجۇدىڭىزدىكى كۈچتىن پايدىلىنالىسىڭىز، نەتىـ-ـجىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ؟ سىز ئۆزىڭىزگە يەنە «مەن قىلالايمەن! مەن قىلالايمەن! مەن قىلالايمەن!» دېگەن جۈملىنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ بېرىڭ ھەمدە مۇشۇ جۈملىنى ھەر قېتىم تەكرارلىغان ۋاقتىڭىزدا ئويلاپ يەتـ-ـمەكچى بولغان نەتىجىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇنىڭ ئەكـ-ـسىچە بولغان ھەرقانداق بىردەملىك پىكىرلەرنى چۆرۈ-ۋېتىپ، ئۇنتۇپ كېتىڭ. غەلىبە قازانغۇچىلار مەڭگۈ غە-لىبىنىلا ئويلايدۇ.

ئىشەنچ پەيدا بولغاندا پسىخىكىمىز ۋە فىزىئولو-
گىيىمىزدە كۆرۈلىدىغان ئەڭ ياخشى ھالەت تۆۋەندىكى-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئالغا ئىنتىلىش روھى تېخىمۇ
كۈچلۈك بولىدۇ، دىققەتنى تېخىمۇ بەكرەك مەركەز-
لەشتۈرەلەيدۇ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچكە تولغان
بولىدۇ ھەمدە غەلىبە قازىنىشقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد
ۋە ئىرادە بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان كى-
شىلەر ھەمىشە يامان ئاقىۋەتنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغان-
لىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئىشەنچ كەمچىل.
ئۇلارنىڭ خاتالىقى ھەمىشە تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسنى
ئويلاشقا بولمايدىغان ئەھۋاللارغا قويىدۇ. لېكىن، بىزدە
ئىشەنچكە تولغان ئوي-پىكىر بولغاندىلا ئاخىرىدا ئوي-
پىكىرىمىز تۇرمۇشىمىزدا ئەمەلىيلىشىدۇ، چۈنكى يوشۇرۇن
ئاڭ پەقەت بىز ئىشەنگەن شەيئىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.
مۇبادا ھازىر قانداق مۇستەھكەم ئىشەنچكە ئىگە ئىكەنـ-
لىكىمىزنى چۈشەنمەكچى بولساق، بىز پەقەت ھەرقايسى
تۇرمۇش قاتلاملىرىنى، يەنى سالامەتلىكىمىز، ئائىلىمىز،
كەسپىمىز، دوستلىرىمىز، پائالىيىتىمىز ۋە بارلىق لازىم
قىلىدىغان شەيئىلەرنى ياخشى كۆزەتسەكلا بولىدۇ.

بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بىزنىڭ
ئۆتمۈشتىكى ئۆزىمىزگە ۋە دۇنيايىمىزغا ھەمدە ئارزۇيىمىز
ياكى قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ باقمىغان ئىشلار توغرىسىدا
چىقارغان قارارىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# بىر تال تېرەك يوپۇرمىقى

ئەمدىلا ئوپېراتسىيەدىن چىققان بالىنىڭ كۆزى داكا بىلەن تېڭىقلىق بولۇپ، يورۇقلۇققا ئىنتىزار ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ دوختۇرخانىنىڭ ئارقا هويلىسىغا كېلىپ، بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كەلگۈسىدە كۆرمەكچى بولغان رەڭگارەڭ دۇنيانى خىيال قىپتۇ هەمدە ئوپېراتسىيەنىڭ ئۈتۈقلۇق بولماسلىقىدىن غەم قىپتۇ. بىر تال دەرەخ يوپۇرمىقى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ، ئۇ قولى بىلەن سىلاپ يۈرۈپ يوپۇرماقنى قولىغا ئاپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇ تېرەك يوپۇرمىقىمۇ ياكى ...... — دەپتۇ.

— تېرەك يوپۇرمىقى، — دېگەن بوش ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا بىر جۈپ چوڭ قول ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپتۇ.

— كىچىك دوست، نەچچىگە كىردىڭىز؟

— 12 ياشقا.

— سىزنىڭ كۆزىڭىز ياخشى ئەمەسما؟

— هەئە، كىچىكىمدىن تارتىپلا كېسەل بار ئىدى، تاغا، بۇ دۇنيا گۈزەلمۇ؟

— گۈزەل! قاراڭ، ئاسمان كۆك رەڭدە، ئاۋۇ يىراقـتىكى تاغ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، ئاۋۇ بۇلۇت ئاپپاق ۋە چىرايلىق. بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى ئاۋۇ سۇپسۈزۈك كۆل سۇيىنىڭ ئۈستىدە ھال رەڭ نىلۇپەر گۈلى، ياپيېشىل نىلۇپەر يوپۇرمىقى لەيلەپ تۇرماقتا. تۆت ئەتراپىمىزغا ياپيېشىل ئورمانلىق سايە تاشلاپ تۇرماقتا. ھەي! ئاۋۇ تەرەپتە كىملەرنىڭ ساز چېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاڭلاپ بېقىڭ، بۇ دەرەختىكى قۇشلار سايراۋاتىدۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىدىم.

ئەما بالىنىڭ كاللىسىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك پارچە-پارچە گۈزەل كارتىنىلار پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— تاغا، مېنىڭ كۆزۈم ياخشى بولۇپ كېتەمدۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— بالام، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ! سىز پەقەت دوختۇرنىڭ داۋالىشىغا ياخشى ماسلاشسىڭىزلا، تېزلا ياخشى بوپكېتىسىز.

— راستما؟

— راست.

— ئاۋۇ تەرەپلەردىكى نېمە؟ يەنە نېمىلەر بار؟

— ئاۋۇ بولسا......

شۇنىڭدىن كېيىن دائىم دېگۈدەك بۇ ئىككىيلەننىڭ پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقى كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئەما بالىنىڭ تېڭىقى ئېلىۋېتىلىپتۇ. بالا يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ، كۆزنى چاقنىتىدىغان قۇياش نۇرىغا ماسلاشقاندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ ئارقا هويلىسىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

ئۇ مېڭىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزىگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان يەرگە كەلگەندە، تۆت ئەتراپقا قاراپ داڭقېتىپ قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە گۈلمۇ يوق، سۈزۈك سۇمۇ يوق، چوڭ تاغمۇ يوق بولۇپ، پەقەت بىر هويلا تېمى بىلەن بىر تۇپ قېرى دەرەخ بار ئىكەن. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان بىر بوۋاينى سىيپاپ ئۆتتى، بۇ بوۋاي قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، يېنىغا هاسا قويۇلغانىدى. بوۋاي بىر دانە تېرەك يوپۇرمىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. كېيىن بۇ دوختۇرخانىدا بىر ئۆسمۈرنىڭ بىر ئەما بوۋاي بىلەن دائىم بىرگە تۇرغانلىقى، ئۆسمۈر-نىڭ ئەمدىلا يورۇقلۇققا ئېرىشكەن بىر جۈپ كۆزىدە كۆرگەنلىرىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقى ئۇچراي-دىغان بولۇپتۇ.

【تەسىرات】

## باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بېغىشلاش

بۇ هېكايىدا يۇقىرى تېببىي ئىلىم بىلەن كىشىلەر-

نىڭ ئاغرىقىنى داۋالاشتىن باشقا، كىشىلەر تېخىمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان يورۇقلۇق، يوپۇرماق، قۇش قاتار-لىق كىشىلەرگە ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى ئېلىپ كېلىدىغان شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ھاياتلىق-تىن بىزار بولماسلىققا، ھاياتتىن ئېچىنماسلىققا، شۇن-داقلا تەقدىرنىڭ قولى بولماسلىققا دەۋەت قىلغان.

ئامېرىكىلىق يازغۇچى ھېنرى ئوزنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر تال يوپۇرماق» ناملىق رومانىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن: بىر كېسەل ياتاق ئىچىدە تۇرۇپ دېرىزە سىرتىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى كۈزنىڭ شامىلىدا بىر-بىرلەپ يەرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنىمۇ كۆز ئالدىدىكى يوپۇرماقنىڭ چۈشۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ ئاجىزلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ:

— دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ بولغاندا، مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر قېرى رەسسام بۇنى بىلگەندىن كېيىن، بوران، يامغۇرلۇق بىر ئاخشامدا، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ماي قەلەم بىلەن بىر تال ياپيېشىل يوپۇرماقنى سىزىپ، دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي قېرى رەسسام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى بىر تال «يوپۇرماق» باشتىن- ئاخىر چۈشۈپ كەتمەپتۇ. بۇ بىر تال چۈشۈپ

كەتمىگەن يېشىل «يوپۇرماق»نىڭ سەۋەبى بىلەن ھېلىقى ئېغىر كېسەل مۆجىزىدەكلا ھايات قاپتۇ.

ئەگەر باشقىلارغا ئازراق ئۈمىد ئاتا قىلسىڭىز، بۇ ئۈمىد شۇ كىشىنىڭ ھايات يولىنى يورۇتىدۇ. نەتىجىدە باشقىلارنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ، ھاياجانغا تولغاندا، سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىزمۇ مۇشۇ سەۋەبلىك ۋۇجۇدى شادلىققا ئېرىشىدۇ.



بۇ كىتاب جۇڭگو دەۋر ئىقتىساد نەشرىياتىنىڭ 2006- يىل 1- ئاي 1- نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国世代经济出版社2006年1月第1版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھېكىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى (2)

ئابلەت مەمەت
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەنۋەر ئوبۇل
قەلبىنۇر ھەسەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 م م 1/32، باسما تاۋىقى: 6
2010- يىل 6- ئاي 1- نەشرى
2010- يىل 6- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3000
ISBN 978-7- 5373-1835-8
ئومۇمىي باھاسى: 35.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2290930

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

بۇ كىتابقا مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقەت

# ئاتا ـ ئانىلارغا بايلىق

# بالىلارغا ھەمراھ

ISBN 978-7-5373-1835-8

9 787537 318358 >

总定价：35.00元

يۈەن 12.00